NEW JADE LITERATURE



# يېڭى قاشتېشى

1999.3

ISSN 1002-9206
08>
9 771002 920009

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سەيلدە ...... ئابدۇللا ئۆمەر فوتوسى

ييڭى قاشتېشى 1999 - يىل 3 - سان

قوش ئايلىق ژۇرنال ئومۇمىي 107 - سان

## بۇ ساندا

### پوۋېست

چالا ئوينالغان شاھمات ........ مەتقۇربان مەتتۇرزى 30

### ھېكايە

يۇرەككە تامغان كۆز ياش ........ ئابلىز ھەسەن 1
دېڭىزرەڭ ياغلىق ........ ئەسقەرجان ئەزىز 8
يەتتە مىكيان ........ ئالىم مەتتۇرى 15
باش باھارنىڭ تۇنجى يامغۇرى ........ تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار 18
ھەمدۇل كەپتەرۋاز ........ نامانجان تۇرسۇن 41
چېكىت ........ مۇرات 45
مۇغەمبەرلەر كۇلكىسى ........ ئەنۋەر ھوشۇر 65

### نەسرلەر

ئەجداد ۋە ئەۋلاد ........ تۇرسۇن غوجىئابدۇللا 72

### شېئىرلار

گۈل بەرگىدە چاقنايدۇ شەبنەم ........ ئابدۇلئەھەت قادىر 20
شېئىرلار ........ غوجىمۇھەممەت مەممەت 22
ساڭا چىلىڭ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن ........ ئابدۇرېھىم زۇنۇن 24
مېھرلەر ئاقىدۇ دىللاردىن دىلغا ........ مۇھەممەت كامال 25
خوتەن ھاسلاتلىرى ........ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 27
يۈتكەن قىز ........ ئالىم ھاشىم 28
ئىككى شېئىر ........ ئابدۇخەبەر تاھىر 29
شېئىرلار ........ ئەنۋەر ھىدايەت 51
شېئىرلار ........ مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن 52
شېئىرلار ........ كامىلجان ھەسەن 53
شېئىرلار ........ مەمەتكېرىم سېدىر 54
ئاھ، يۇرىكىم دەرتىنىڭ ئۇۋىسى ........ تۇرغۇن كەنجى 55
غەزەللەر ........ چوپانى 56
ئىككى شېئىر ........ ئايشەمگۈل ھەسەن 58
ئىككى شېئىر ........ ئەخمەتجان ئىمىن 59
تەخمىسلار ........ تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم 60
باھار نەزمىلىرى ........ ئابدۇغېنى سىيت 82
نورۇز كەلدى ........ روزىمۇھەممەت ياقۇپ 84
مۇۋەھشەملىك غەزەللەر ........ ئىدرىس مەتسىيت 85
كۆي كۈيلەپ ........ يىگانە 87
شېئىر ۋە تۇيغۇلار ........ مۇھەممەتئىمىن ئابدىلمىت 88

www.uyghurkitap.com

## ئەسەر ۋە باھا

ئاددىي ۋەقە ۋە ئۆزگىچە ئىپادىلەش.................................. ئابلىكىم ئابدۇلمەت 47
«قۇرۇلتاشتىكى كۆنلەر»گە بىر كەلىمە سۆز .............................. ئا. ناسىر يۇنۇس (ياۋايى) 49

## ماقالىلار

تارىخىي ۋە روھىي ئامىللارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن تەرەققىياتىدىكى ئورنى
ۋە رولى ............................................. قەيسەر مەمتىمىن (تىكىن) 78

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

تاغ خەلق قوشاقلىرى ............................................ توپلىغۇچى: مەتتوختى ئەخمەت 88

## دانالار سۆزى

ھېكمەتلەر................................. نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان 91

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

ئانا ـ بالا مۇھەببىتى ............................................ لىئام ئەۋفلەخەتى (ئىرلاندىيە) 76

## كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مۇخەممەس ............................................................ غېرىبى سۇپۇرگى سانجىرى 94
مۇقاۋا 1 ـ بەتتە: ئەتلەس قىز — ئابدىلمەت ئابدىمجىت سىزغان

تەھرىر ھەيئەتلەر: (ئىلىپبە تەرتىپى بويىچە ئېلىندى) ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئابدۇللا سۇلايمان، ئابدۇللا مەمتىمىن، سىدىق قاۋزو، مۇھەممەت چاۋار، مەمتىمىن سابىر، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مىجىت باقى، روزى سايىت
تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇھەممەت چاۋار
باش مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مەسئۇل كوررېكتورى : مەتسېلىم مەتقاسىم
قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەنۋەر جۇمە سىزغان

# يېڭى قاشتېشى 新玉文艺

# NEW JADE LITER ATURE

一九九九年 (双 月 刊)
编 辑:《新 玉 文 艺》编 辑 部
出 版 : 和 田 行 署 文 化 处
和 田 报 社 印 刷 厂 印
发 行 : 和 田 地 区 邮 电 局
订 阅 : 全 国 各 地 邮 电 局
印张: 787×1092,1/16.6.125 张
国 内 外 统 一 刊 号 :
ISSN 1002—929XCN 65—1088/1
代 号:58—26

1999 ـ يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى 1092 × 787 م م، 16 / 1، 6.125 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929 X CN 65 — 1088 / 1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58

定价:2.00 元,电话:2023792
باھاسى: 2.00 يۈەن، تېلېفون نومۇرى:

ئابلىز ھەسەن

# يۇرەككە تامغان كۆز ياش

(ھېكايە)





قەدىرلىك دوستۇم ئاسىيە:

ياخشىمۇ سەن؟ يولدىشىڭ ئەزىمەتكە مەندىن سالام.

ئېيتقىن، خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. بەزى سەۋەبلەر بىلەن ۋاقتىدا خەت يازالمىدىم. مېنى كەچۈرگىن.ئالدى بىلەن تۇرمۇشىڭغا بەخت تىلەيمەن. سېنى بەكمۇ سېغىندىم. يېنىمدا ئىچ سىرىمنى تۆككىدەك بىرەرمۇ ئادىمىم يوق، كۈنلىرىم ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەش بىلەن تولىمۇ بۇرۇختۇملۇقتا ئۆتىۋاتىدۇ. مېنى ئاخىرى چىقمايدىغان ئازابلىق خىياللاردىن،ئاشۇ بىر مەزگىللىك شېرىن لەززەتلىرى بەدىلىگە يۈرىكىمنى قۇرتتەك غاجاپ، خۇددى قورقۇنچلۇق چۈشكە ئوخشاش نېرۋىلىرىمغا كېچە - كۈندۈز ئارام بەرمەيدىغان ئاچچىق ئەسلىمىلەر قوينىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدىغان بىردىنبىر نەرسە خىزمىتىم.

پاكلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، قوش باللىرىدەك قاتار تىزىلىپ ئولتۇرغان مەسۇم چىرايلارنى كۆرگەن چېغىمدا بۆلەكچە شادلىنىپ چۆمۈپ كېتىمەن. ئۆز - ئۆزۈمگە ئىشەنچىم، كەسپىمگە سۆيۈنچىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. سەبىي گۇدەكلەر ماڭا ھاياتنىڭ قۇۋناقلىقىنى، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئاشۇ غەمسىز بالىلار بىلەن بىرگە بولسام، ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، ياپيېشىل قىيالاردىن پايانسىز دالىلار قوينىغا شوخلۇق بىلەن قىيغىتىپ يۈرگەن كېيىك باللىرىدەك، ئاسمانپەلەك كۆك قەھرىدە تەبىئەتنىڭ ھەممە گۈزەللىكىدىن قانغۇدەك بەھىر ئېلىپ، ئەركىن ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلاردەك ئارمانسىز ئۆتكەن بالىلىقىمغا قايتقاندەك بولۇپ قالىمەن. بىراق، بىر كۈنۈم ئاخىرلىشىپ ياتىقىمغا قايتىپ كىرگەندە بولسا، يەنە شۇ غېرىبلىق ھەممە نەرسە

ماڭا بويۇن قىسىپ قاراپ تۇرغاندەك شۇنچە مىسكىن، شۇنچە بىچارە كۆرۈنىدۇ. تالاي ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىمغا پاناھ بولغان ياتىقىمدا تۈن يېرىمىغىچە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرىمەن، خاتىرە يازىمەن. بەزى چاغلاردا ياستۇققا بېشىمنى قويۇۋېتىپ، مۇشۇ ئۇيقۇدىن ئويغانمايلا بۇ دۇنيا بىلەن خەيرلەششەم دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

يېقىننىڭياقى سالامەتلىكىم تازا ياخشى بولمايۋاتىدۇ، نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسىلى بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. دادام بىلەن ئانام ھالىمنى كۆرۈپ يىغلاپ كېتىشتى. بۇ دۇنيادا مەن ئۇلارنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقى ئىدىم. ئۇلارنىڭ ئۆز يېنىغا قايتىپ كېلىشىم توغرىلىق قىلغان نەسىھەتلىرىگە قوشۇلمايدىغانلىقىمنى ئېيتقان چېغىمدىكى قايغۇلۇق، مىسكىن ھالىتىگە قاراپ يۈرەك - باغرىم مۇجۇلۇپ كەتتى. بىچارە ئاتا - ئانام بىردىنلا قېرىپ، مۈكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ، ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. مەن نېمىشقىمۇ بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ قالغان بولغىيدىم. بەلكى بۇ ئازابلارنىڭ ھەممىسى تۇغۇلىشىمدىلا پېشانەمگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. بەزىدە كىملەرگىدۇ ئېسىلىۋېلىپ قانغۇدەك بىر يىغلاپ ئىچىمنى بوشىتىۋالسام دەپ ئويلاپ كېتىمەن. ئىلگىرى تەقدىرگە ئىشەنمەيتتىم. لېكىن تەقدىر ھامان مەن بىلەن قېرىشىپ قالاتتى. ئۆزۈم توغرا دەپ تاللىغان يولۇمدا تۆلىگەن بەدەللىرىم ئاز بولمىدى. ئەكسىچە ھامان مەغلۇبىيەتچىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىمەن. ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇ خۇددى بىر سىرتماققا ئوخشاش مەن قانچە يۇلقۇنغانسېرى شۇنچە چىڭىپ مېنى بوغماقتا. ماڭا ئەجەل چىللىماقتا ...

ئىچىم پۇشۇپ قالغان چاغلاردا رىچادنىڭ ساكس بىلەن ئورۇنلىغان مۇزىكىلىرىنى قويۇپ ئاڭلايمەن. بۇ مۇزىكىنى ئاڭلىسام مېنى يىغا تۇتىدۇ. چۈنكى ئۇ ماڭا ئۆتكەن كۈنلەرنى، ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك چاغلىرىم — ، ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى ئەسلىتىدۇ.

بىلەمسەن دوستۇم، بۇ لېنتىنى ماڭا ئۇ سوۋغا قىلغان. «مەن ساكس مۇزىكىسىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. دوستلۇقىمىزنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن، ساقلاپ قويارسىز» دېگەنىدى ئۇ لېنتىنى ماڭا بەرگەچ. شۇ چاغلاردا مەن ئۇنىڭ ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز مىجەزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. نېمىشقىدۇ يۈرىكىم ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتى. ئۇنى كۆرسەملا شوخ، كەپسىز قىلىقلىرىم ئاللىقاياقلارغا يوقىلىپ مۇلايىم، تارتىنچاق بولۇپ قالاتتىم. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. شۇ چاغدا مەندىكى ئۆزگىرىشنى بىرىنچى بولۇپ سەن بايقاپ قالدىڭ. ئېسىڭدىمۇ، ئىككىنچى ئوقۇش يىلىدىكى ھېلىقى ئايدىڭ ئاخشىمى بۇ ھېسسىياتىمنى ساڭا ئاشكارىلىدىم. كېيىنچە ئۇمۇ مېنىڭ ئالدىمدا قىزىرىپ گېپىنى تاپالمايدىغان، كۆزلىرىمگە قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى كۈتتۈم، ئۇنىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتىگە تەشنا يۈرىكىم، قوياش نۇرىغا تەلپۈنگەن يومران مايسىدەك نازۇك، جەزىرىدە سۇسىز قالغان سەيياھتەك چاڭقاق، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى گۈلخانىغا ئۇرغان پەرۋانىدەك بىقارار ۋە تەخىرسىز ئىدى ...

تەبىئەت ئەمدىلا رىسىدە بولغان ئويناچان قىزلاردەك ھۆسنىگە تولۇشقا باشلىغان، ئەركە شامالار گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى دىماقلارغا پۈركۈپ، كىشىگە لېرىك تۇيغۇ، شېئىرىي ھېسسىيات ئاتا قىلىدىغان گۈزەل ماي ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتىم. بىز قىزلار نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيمىز. ئەمما ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن ئادىمىمىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلىشىمىز بەكمۇ تەس. شۇڭىدىن ئېتىبارەن كۈنلىرىم چەكسىز بەختىيارلىق تۇيغۇسىدا ئۆتۈشكە باشلىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغمۇ يېتىپ كەلدى. ھەممىمىز ئۇچۇرما بولغان قوش باللىرىدەك تەرەپ - تەرەپلەرگە — ئۆز يۇرتلىرىمىزغا قاراپ يول ئالدۇق. ھىجران ھەر قانچە ئاچچىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇھەببەتنى تاۋلايدۇ. ئۇ ئاشىقلار ئۈچۈن بىر سىناق. ئۇمۇ، مەنمۇ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا قىيالماي يۈرگەن شۇ كۈنلەردە مەن ۋىسالنىڭ بىزگە ھامان قۇچاق ئاچىدىغانلىقىغا، ئايرىلىش ئازابىغا ئاخىر بىر كۈن خاتىمە بېرىدىغانلىقىمىزغا شەكسىز ئىشىنەتتىم.

ئۇ ماڭا ئۆزۈلدۈرمەي خەت يېزىپ تۇردى. مېنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقىم ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىش ئىدى. ئۇنىڭ مۇھەببىتى ماڭا ئىشەنچ ۋە جاسارەت بېغىشلايتتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئانىسىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئاشۇ خەت مېنىڭ بىر پۈتۈن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى.خۇددى دەھشەتلىك قۇيۇنغا ئوخشاش كەلگۈسى بەختىمنى يۇتۇپ كەتتى. رەھىمسىز خەنجەرگە ئوخشاش سۆيگۈگە سادىق يۈرىكىمنى تىلغاپ پارە - پارە قىلىۋەتتى. ئۇ ئانا مەن سەۋەبلىك يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدىكەن. خەتتە مېنىڭ ئوغلىدىن ئايرىلىپ كېتىشىمنى تەلەپ قىپتۇ. ئوغلىنى كۈتۈپ تۇرغان بەخت - ئامەتكە تۇسالغۇ بولۇپ قالماسلىقىمنى قايتا - قايتا جىكىلەپتۇ.

ئاھ دوستۇم، ئاشۇ چاغلاردا مەن بۇنىڭ بىر چۈش بولۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە! كىشىگە ھېچ سەۋەبسىزلا، ئۆز مۇھەببىتىدىن كېچىشتىنمۇ ئېغىر ئازاب بولامدۇ. تەقدىرنىڭ ماڭا بۇيرۇغان بۇ ئادالەتسىز قىسمىتىدىن زارلىدىم، يىغلىدىم. مەن ئۇنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرەتتىم، كەلگۈسىمنى ئۇنىڭسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. لېكىن، ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كېيىن، ئۇنىڭ كېيىنكى خەتلىرىنى جاۋابسىز قالدۇردۇم. بۇ مەن ئۈچۈن ئېيتقۇسىز بىر ئەلەم بولدى. ئۇنىڭ مەندىن ئىشەنچ ۋە مۇھەببەت تەلەپ قىلىپ قايتا - قايتا ئۆتۈنگەن قۇرلىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىسىز يىغا بىلەن تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلىدىم. جاھاندا ئىنسان بالىسى ئامالسىز قالىدىغان ئىشلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن بولىدىكەن. ئۆز بەختىمنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يىغا بىلەن سۈكۈت قىلىپ تۇرماقتىن باشقا ئامالىم بولمىدى. نەچچە قېتىم ھەققىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ خەت يازاي دەپ ئويلىدىمىيۇ، بىراق ئوغلى ئۈچۈن يۈرىكى سەكپارە بولغان ئانىنى دەپلا بۇ ئويۇمدىن ۋاز كەچتىم.

ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ مەن ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن دوستۇم؟ ئۇ مېنىڭ ھاياتىم، بارلىقىم ئىدى. ئاشۇ خەت تېنىم ۋە روھىمدىكى خاتىرجەملىك ھەم خۇشاللىقنى، ۋۇجۇدۇمدىكى بەخت تۇيغۇسىنى، ئېگىمدىكى گۈزەللىكنى، ھەممە، ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. پەقەت قان تامچىۋاتقان يۈرىكىمدىكى خاس ئۆزۈمگىلا تەئەللۇق مۇھەببىتىم، مەن ئۈچۈن تۇنجى ھەم ئاداققى بولغان ۋىسال تاپماس سۆيگۈم يۈرىكىمدە مەڭگۈ ساقايماس يارا بولۇپ قېتىپ قالدى.

شۇ تەرىقىدە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى.ئۇنىڭدىن خەت كەلمەيدىغان بولغاندىن كېيىن ۋاقىت ئۇزارغانچە ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەرمەن دەپ ئويلاپتىمەن. ئەكسىچە ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىم كۈنسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۆتكەن يىل سېنتەبىرنىڭ بىر يەكشەنبىسى بازاردىن قايتقۇچە، ئەمدىلا كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىپ تۇرۇشىمغا، دېرىزە كۆزنىكىدىن بەدەن قۇرۇلۇشى ئۇنىڭغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىرسىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ چوقۇم مېنى ئىزدەپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ئالمان - تالمان ئىشىككە قاراپ ئېتىلدىم، سارالڭ ئادەمگە ئوخشاش ۋارقىراپ يۈرۈپ ماشىنىنى توختىتىپ چۈشۈۋالدىم. ئادەملەرنى ئىتتىرىپ، سوقۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ئەنە ئۇنىڭ ياقتۇرۇپ كىيىدىغان تېگى كۆكۈش چاقماق كۆينىكى، ئېگىز ئۇستىخانلىق بوي - بەستى، ساغۇچ بۇدۇر چېچى ، دەل شۇ! خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى قىل قالدىم.

— رىنات، ھەي رىنات، توختاڭ!

مەن ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ،جەينىكىدىن تارتتىم، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلدى. ئاھ خۇدا، مەن تونۇمايدىغان يات بىرەيلەن ماڭا ئەجەبلىنىش بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— كەچۈرۈڭ، مەن ...

ھېلىقى ئادەم كېتىپ قالدى. قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يېنىمدىكى ستولبىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ رىنات بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئىھ، ئۇنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەسمەنمۇ!؟ ئۆپكەم ئۆزۈلۈپ يىغلىۋەتتىم.

يەر - جاھان ئاپئاق قارغا پۈركۈنگەن قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆيىمىزگە ئەلچى كىرىپتۇ، ئانام مۇشۇ ئىش توغرىلىق ئەمدىلا گەپ باشلىشىغا، بۇ توغرىدا سۆزلەشكۈم يوقلۇقنى ئېيتىپ كەينى ئۆرۈۋەتتىم. ئىلگىرى

مەنمۇ توي توغرىلىق ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى سۈرەتتىم. ھەتتا چۈشلىرىمدە ئاپئاق توي كۆينىكى كىيىپ، چېچەكلەر دۇنياسىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئايلىناتتىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ ئاسمانغا كۆتۈرلەتتى. بىز ئۇچاتتۇق ...

تاكى ئەتىيازغىچە، ئۆيىمىزدىن ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم تېخىمۇ پاراكەندە بولۇپ، ئاخىر ئاتا ـ ئانامنىڭ شۇنچە قارشىلىقلىرىغا قارىماي، ئۆزۈم ھازىر ئىشلەۋاتقان مۇشۇ يېزىلىق مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىۋالدىم. چەتكە جايلاشقان بۇ خىلۋەت يېزا ماڭا يېقىپ قالدى. ئۇپۇق بىلەن تۇتاش كەتكەن پايانسىز ئېتىز قوينىدا، يىلانباغرى سوزۇلغان چىغىر يولنى بويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۈنسىز سىردىشىپ مېڭىش دائىملىق ئادىتىمگە ئايلاندى. خىيالى بىر ئۈمىدنى باغلاپ ئاتقان تالاي تاڭلار، ۋىسال كۈتۈپ زارىققان كېچىلەر بىلەن ئالماشتى. مەندە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى كۈنسايىن ئۇلغىيىشقا باشلىدى. ئۇنىڭسىز ئۆتكۈزگەن مەنىسىز تۇرمۇش مېنى بەزدۈردى. بۇ كۈنلەرگە مەن يەنە قاچانغىچە بەرداشلىق بېرىمەن!؟ يەنە نېمىنى كۈتىمەن؟ ھەسرەتلىك ئۆلۈمنىمۇ؟! ياق، ئەمدى سۈكۈت قىلىشقا بولمايدۇ. مەن ئۆزۈمگە تېگىشلىك بەختتىن بەھرىمان بولۇشقا ھوقۇقلۇق، ئاخىر ئۇنى ئىزدەش قارارىغا كەلدىم.

دوستۇم، گېپىمگە ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ يازلىق تەتىل ۋاقتىدا ئۇنى ئىزدەپ يولغا چىقتىم. ماشىنا بىلەن بىر يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن، چۈشكە يېقىن ئۇنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەلدىم. ئالدى بىلەن مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىۋېلىپ، ئۆزۈمنى بىر قۇر تۈزەشتۈرىۋالغاندىن كېيىن خېتىدىكى ئادرېس بويىچە، ئۇدۇل ئىدارىسىغا قاراپ يول ئالدىم. ئۇزۇن ۋاقىت كۆرۈشمىگەن قەدىرلىك ئادىمىم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ئۈششۈك تەگكەن ياپراقتەك قورۇلۇپ ھالسىزلاشقان زەئىپ يۈرىكىم ھاياجان، تەشۋىش، ئىنتىزارلىق ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھېسسىياتلار قاينىمىدا چايقىلىشقا باشلىدى. ئىيول ئايلىرىنىڭ ئىسسىق شامىلى قىزىل گىرىپ كۆڭلىكىمنىڭ كەڭ ئېتەكلىرىنى ئۇچۇرۇپ، يۈزلىرىمگە سۆيۈپ ئۆتەتتى. ئۇ ئىلگىرى ھەمىشە: «سىزگە قىزىل نەرسە بەك يارىشىدۇ. زىلۋا، ئوماق بولۇپ قالىسىز» دەيتتى.

گېزىتخانىنىڭ تەھرىر بۆلۈم ئىشخانىسى ئالدىدا خېلى ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئاستا چەكتىم. يۈرىكىم غەلىتە بىر خىل ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە ئەنسىز سوقاتتى.

— كىرىڭ.

ئىشخانىدا ئۇ ئۆزى يالغۇز بىر نەرسىلەرنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىكەن، كىرىشىمگە ئالدىراش بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى ـ دە، مېنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— سىز؟! ... مېھرى ...

ئۇ بىر ھازاغىچە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن تېخىچە قولىدا سىقىمداپ تۇرغان ماتېرىيالنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئاستا چامداپ ئالدىمغا كەلدى. كۆزلىرىمگە يامراپ كېلىۋاتقان ياشلىرىمنى زورغا بېسىۋېلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ بۇرۇنقىدىن ئاز ـ تولا سەمرىپ كەڭ مۈرىلىرى يەنىمۇ كېڭىيىپ كېتىپتۇ. قاپقارا قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى دائىم خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزىدىن، ئەينى چاغلاردىكىگە ئوخشاشلا كىشىنى ئەيمەندۈرگۈدەك كۈچلۈك بىر خىل نۇر چاقناپ تۇراتتى.

شۇ دەقىقىدە ماڭا خۇددى بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىم ئۆز ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قېتىپ قالغاندەك، ھەتتا پۈتكۈل يەر شارىمۇ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشتىن توختاپ، دۇنيا چەكسىز تىمتاسلىققا چۆككەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەنسىز جىرىڭلىغان تېلېفون مېنى خىيالىي سەزگۈلەر قوينىدىن رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى، رىنات كۆزىنى مەندىن ئۈزمەي تۇرۇپ تورۇپكىنى قولىغا ئالدى:

— ۋەي ... مەرھابامۇ سىز، — رىناتنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئېلىپ، ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىشقا باشلىدى. — قانداق، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ھە، ھە ... — ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن يۆتكەپ دېرىزە تەرەپكە قاراپ تۇرىۋالدى، — چۈشتىن كېيىن ئاززاق ئىشىم چىقىپ قالدى. ئۆيگە كەچرەك قايتىمەن، مېنى ساقلىماڭ ـ ھە، بولىدۇ، خوش.

ئىككىلىمىز ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدۇق. مەرھابا، ئۇنىڭ ئايالى ئىكەن - دە! بىردىنلا كۆڭلۈم قاپقاراڭغۇ بولۇپ، ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك، ئىختىيارسىز ئېغىر بىر تىنىۋەتتىم. دېمەك، ئۇ ھازىرماڭا مەنسۇپ ئەمەس.مەن نېمىشقىمۇ كەلگەندىمەن!؟ بۇنداق بولارىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم، ئەجىبا ... ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا نېمە ھەققىم. تۇرۇپلا ئۆزۈمگە ئۆچلۈكۈم كېلىپ قالدى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا سىرتقا يۈگۈردۈم. ئۇمۇ مېنى توۋلىغىنىچە كەينىمدىن ئىز قوغلاپ چىقتى ۋە مېنى يولنىڭ ئۇ قاسنىقىدىكى باغچىغا باشلاپ كىردى.

ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدىكىدەك كۆلنى بويلاپ ياندىشىپ كېتىۋاتىمىز. لېكىن ئارىمىزدىكى ئېغىر سۈكۈت بىر - بىرىمىزنى ئۇنتۇلدۇرغاندەك، ماھىيەتتە يەنىلا بىز بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم.

— مۇبارەك بولسۇن، توي قىلىۋاپسىز، — ھەر قانچە قىلىپمۇ ئىچىمدىكى رەشكىنى بېسىۋالالمىدىم. ئاۋازىم كىنايە قىلىۋاتقاندەك تولىمۇ قوپال چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئانامنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى مېنىڭ تويۇمنى كۆرۈش ئىدى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ رايىغا بېقىشقا مەجبۇر بولدۇم، — دېدى.

يەنە نېمىلەر دېيىشكىنىمىز پەقەتلا ئېسىمدە يوق. كاللامدا ئۇنىڭ ئانىسى توغرىسىدىكى خىياللار بىلەن «مەرھابا» دېگەن ئىسىم ئەگىپ يۈرەتتى. بىز تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە ئايلىنىپتىمىز. بىر چاغدا ئۆزۈمنىڭ توڭلاۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ، قايتىپ كېتىشنى ئېيتتىم. ئۇ مېنى ياتىقىمغا ئەكىلىپ قويدى. ئۇنىڭدىن پەقەتلا ئايرىلغۇم يوق ئىدى. لېكىن ئۇنى ئۆيىدە ئۆز ئايالى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جىمجىت كارىدوردىن تەدرىجىي يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشىنى، ئازابلىق تىنىقلىرىم بىلەن ئۇزىتىپ تۇرۇپ قالدىم. مەن بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق بەختسىز بولۇپ ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ؟! ئۆزۈمنى كارۋاتقا تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم.

خېلى ۋاقىتلارغىچە ئويقۇم كەلمىدى. ھەممە تەرىپىمنى ئۇنىڭ ئاچچىق تاماكا پۇرىقى سىڭگەن ھىدى قاپلىۋالغانىدى. قاياققا ئۆرۈلسەم ئۇنىڭ تىنىقى تىنىقلىرىمغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك خىيالىي سەزگۈدە قىينىلاتتىم. ئۇنىڭ رەسىمى بىلەن خەتلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ، قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئەتىسى ئۇ كېلىپ ئىشىكنى چەككەندىلا ئاندىن ئويغاندىم. ئۇنىڭ ھالى مەندىنمۇ بەتەر، ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ: «ھەر كۈنى سەھەر ئورنىمدىن تۇرۇپ،ھازىرقىدەك ئۇنى يېنىمدا كۆرەلىگەن بولسام بولماسمىدى» دەپ ئويلاپ كېتىپتىمەن. يۈزلىرىمنى يۇيۇپ بولۇپ كىرسەم ئۇنىڭ قولىدا ئانىسى ماڭا يازغان ھېلىقى خەت تۇرىدۇ. مەن ئۇ خەتنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەنىدىم.

— مېھرى، بۇ زادى قانداق ئىش؟ — ئۇ ئالدىمغا كېلىپ خەتنى ماڭا كۆرسەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى جامدەك يوغان ئېچىلغانىدى. — ئېيتىڭا، بۇ راستمۇ؟

مەن نېمىمۇ دېيەلەيمەن، پاك مۇھەببىتىمىزنىڭ قاتىلى بولغان بۇ خەت، بىر ئانىنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ غېمىدە تۆككەن زارى، مېنى شۇنچە ئۇزاق قان يىغلاتقان، بەختىمنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئىدى. ئىچىمگە يىغلىغان ھەسرەت - پىغانلىرىم كۆزلىرىمدىن باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ مېنى قۇچاقلىۋالدى. مەن مۇشۇ دەقىقىلەرگە قانچىلىك زارىققان - ھە! بىر چاغدا ئۇنىڭمۇ يىغلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ھالەتتە مەڭگۈلۈك قېتىپ قېلىشقا رازى ئىدىم.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن زىنات ۋە ئۇنىڭ ئايالى مەرھابانىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردىم. مەرھابا مېنىڭ پەرىزىمدىكىدەك ئۇنداق چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئەمما بىرلا كۆرگەن كىشى ياقتۇرۇپ قالغىدەك ئىللىق چىراي، خۇشخۇي ئايال ئىكەن.

— سىز بەك چىرايلىقكەنسىز، مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئاق سۈزۈك چىرايىغا يېقىملىق كۈلكە يۈگۈرتۈپ. ئۇنىڭ بويىنۇمدىكى مارجانغا قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. بۇنى زىنات ماڭا مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدا سوۋغا قىلغانىدى، — زىنات ماڭا ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتى

www.uyghurkitap.com



ھاياتى توغرىلىق پەقەتلا سۆزلەپ بەرمەيدۇ، سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمغا بەك خۇشالمەن.

ئۇ تاماكىنى كۆچەپ ـ كۆچەپ شوراپ ئولتۇرغان رىناتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتىدىن ئېرىكە نەقەدەر ئامراقلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى رامكىدا ئىككىسىنىڭ تويدا چۈشكەن سۈرىتى ئېسىقلىق تۇراتتى. قىزنىڭ چېھرىدىكى بەخت جىلۋىسى يۈرىكىمگە ئاللىقانداق بىرئازابنى سېلىپ ئۆتتى.ئۇ رىناتنىڭ ئايالى، رىنات ئۇنى قۇچاقلايدۇ، سۆيىدۇ،ئۇنىڭ بىلەن ... كۆڭلۈم پۇرلاپ تاشلىۋېتىلگەن ئەسكى قەغەزگە ئوخشاش بىئارام بولۇپ كەتتى. ئىختىيارسىز:

— كىشى ئۆزى سۆيگەن ئادىمى بىلەن بىر ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتەلىسە قانداق بەختلىك، — دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلىگەندەك. ئىچىم سىقىلىپ ئولتۇرۇۋېرىشتىن رايىم قايتتى، — كۈتۈۋالغىنىڭىزغا رەھمەت، مەن يەنە كېلىمەن،

— ئىشكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، مەرھابانىڭ كۆزلىرىدىن قىزغىنىش ۋە ئىلتىجا ئارىلىشىپ كەتكەن ئاجىز بىر خىل مەيۈسلىكنى بايقاپ قالدىم.

رىناتنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، مەندە ھېلىقى ئايال ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزدى. «سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز ماڭا ھەر قانداق نەرسىدىن ئەلا ۋە قىممەتلىك» — دېدى ئۇ بىر كۈنى ياتىقىمغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، — «ئەمدى سىزنى يەنە يوقىتىپ قويۇشنى خالىمايمەن» ئۇنىڭ ھارارەتلىك باغرىدا تۇرۇپ، ئوتتەك قىزىق لەۋلىرىنىڭ لەۋلىرىمنى، بويۇنلىرىمنى كۆيدۈرۈشى بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تارىغان شېرىن سېزىمدىن مەست بولدۇم ...

دوستۇم، مۇھەببەت ھەقىقەتەن شەخسىيەتچى بولىدىكەن. شۇ كۈنلەردە مەن مەرھابانى يالغۇز قويۇپ، ئۇنى ئۆزلۈكىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدىم. بىراق، مەرھاباغا ئىچىم ئاغرىيتتى. ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ!؟ ئۆزۈمنىڭ بىر قىسىم چاكىنا ئادەملەرگە ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىمدىن ۋىجدانىم ئازابلىناتتى.

شۇ ئارىدا بىر ئىش مېنىڭ قارارىمنى، تەقدىرىمنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىۋەتتى. بىر قېتىم رىناتنى ئىزدەپ ئۆيىگە بارسام، مېھمانخانىدىن مىشىلداپ يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەيران بولۇپ كىرسەم، مەرھابا ئۆزى يالغۇز يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاستا يېنىغا باردىم. ئۈستەلدە رىنات ئىككىمىزنىڭ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا چۈشكەن بىر پارچە سۈرىتىمىز تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئاجىز سىلكىنىۋاتقان مۈرىسىدىن تۇتتۇم. ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ، چىرايى كېسەل ئادەمنىڭكىدەك تاتارغان، ئاۋازىمۇ ئاران چىقىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا ماڭا ئېسىلىپ ئىزىلىپ ـ ئىزىلىپ يىغلاپ كەتتى. بىز ئاياللار قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىمىزنى كۆز يېشىمىز بىلەن چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ يىغلىۋەتتىم. يۈرىكىمنى ئۆتكۈر،ئاچچىق بىر ئازاب تىلغاپ ئۆتتى.ئۇنىڭغا قانداق گەپ قىلىشنى ئۇقالمايلا قالدىم. بۇ ھالدا مەن يەنە نېمىمۇ دېيەلەيتتىم!

ئۇ خېلىدىن كېيىن ئېسەدەپ ئاستا ـ ئاستا توختاپ قالدى.

— بىلىمەن، سىز رىناتنى ياخشى كۆرىسىز، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، — سىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چېغىمدىلا بۇنى بايقىغانىدىم، سىلەر ئوقۇۋاتقان چېغىڭلاردا مۇھەببەتلىشىپتىكەنسىلەر، — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ قويدى، — مەن بۇلارنى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۇقتۇم. بىلەمسىز، توي ئاخشىمى ئۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چاقىرىپ جۆيلىگەن. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئاللىقاچان باشقا بىرىنىڭ مۇھەببىتى چېكىلگەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. مەن ئىلگىرى مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى تۇنجى ئەر. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۇ ئوغلۇق، كۆيۈمچان، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدۇ. مەن ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنى بەختلىك قىلىشقا، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە تىرىشتىم. لېكىن ... — ئۇ توختاپ قالدى. مەن

ئۇنىڭ پىشانىسىدىكى مۇنچاق - مۇنچاق تەر تامچىلىرىغا، بارغانچە تۈرىلىپ كېتىۋاتقان قوشۇمىسىغا قاراپ، ئۇنىڭ بىرەر ئاغرىق سەۋەبىدىن بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئېغىر بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — كېيىنچە ئۇ ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىۋالدى. مەس بولۇپ قالسىلا مېنى مېھرى دەپ چاقىراتتى. ماڭا كۆڭۈل چۈشەندۈرەتتى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنىڭ «مۇھەببىتىگە» ئېرىشەلەيتتىم ... مەن سىزنىڭ ئاشۇ مېھرى ئىكەنلىكىڭىزنى بۇرۇنلا پەرەز قىلغان، قايسى كۈنى ئۇنىڭ ماتېرىياللىرىنى رەتلەۋېتىپ، مۇشۇ سۈرەتنى كۆرۈپ قالدىم، — ئۇ ئۈستەلگە قاراپ قويۇپ، ئۆزىنى سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىدى ۋە بىر خىل ئۈزۈك - ئۈزۈك ئاھاڭدا دانىمۇ دانە سۆزلەشكە باشلىدى، — سىزنىڭ كەلگىنىڭىزمۇ بىر ھېسابتا ناھايىتى ياخشى بولدى. ئەگەر ئۇ سىزنى تاللىسا، مەن ئەمدى سىلەرگە ھەرگىز توسالغۇ بولمايمەن. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسامۇ، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ جەۋھىرىنى ... مەن چوقۇم ... — ئۇ قورسىقىنى تۇتقىنىچە پەسكە سىيرىلىپ، يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. قاتتىق قورقۇپ كەتتىم. ئۇ ئايلىنىپ كەتكەنىدى. تەلىيىمگە قوشنىلىرىنىڭ ياردىمىدە،ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇق. دوختۇرلار ئۇنى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئەكىرىپ كېتىشتى. ئالاھەزەل بىرەر سائەتلەردىن كېيىن، رىنات ئالاقزادە بولغىنىچە دوختۇرخانىغا كىرىپ كەلدى.

— مېھرى، مەرھابا ئۇ ... ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئاڭغىچە دوختۇرلار مەرھابانى ئېلىپ چىقتى. رىنات ئىتتىك چامداپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. باش دوختۇر بىزگە:

— ھېچقىسى يوق، چارچاپ كېتىپتۇ، تېنى ئاجىزكەن، — دېدى ۋە يەنە قوشۇپ قويدى، — ئۇ ھامىلدار ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ رىنات ئاستا ئېگىشىپ،ئايالىنىڭ سۇس تىترەۋاتقان قوللىرىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى.

مەرھابا چىڭ يۇمۇۋالغان كۆزلىرىنى ئەستە ئېچىپ، نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، كۆزلىرىنى قايتا يۇمۇۋالدى. بۇ چاغدا ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى. ئۇلار كېسەلخانىغا كىرىپ كېتىشتى. مەن ھالسىز قەدەملىرىمنى سۆرەپ كەينىمگە ياندىم.

بىچارە مەرھابا، ئۇ رىناتقا مەندىنمۇ بەكرەك موھتاج، چۈنكى ئۇ ئانا بولۇش ئالدىدا، ئۇ مېھرى - مۇھەببەتكە، خاتىرجەملىككە ئېرىشىشى كېرەك. مەن ئۆزۈمنى دەپ ئانا - بالا ئىككىسىنى بەختسىز قىلىپ قويۇشنى خالىمايمەن. مەرھابانىڭ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغان ھالىتى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئىككىنچى قېتىم يەنىلا بىر ئانىنى دەپ مۇھەببىتىمدىن ۋاز كېچىشىمگە توغرا كەلدى. ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇلارغا بەخت تىلەش قارارىغا كەلدىم.

ماڭىدىغان چاغدا رىنات مېنى ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ، «خوش» دېگەن چاغدا ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، ئاخىرقى قېتىم چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ قارىدىم. ماشىنا قوزغالدى. ئۇنىڭغا دېمەكچى بولغان نۇرغۇن سۆزلىرىم يۈرىكىمدە ساقلىنىپ قالدى:

— بەختلىك بولۇڭ، مېھرى!

كۆز چاناقلىرىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ياشلارنى توسۇۋېلىشقا ئامالسىز قالدىم. چاڭ - توزاڭلار ئارىسىدا قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغان رىناتقا قاراپ پىچىرلىدىم: «سىزنى سۆيىمەن. سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن، رىنات!»

دوستۇم، ئاشۇ چاغدا ئۇنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ، ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈۋېلىش خىيالىدىمۇ بولغانىدىم. ھېچ بولمىسا، ئۇ نەپەس ئېلىۋاتقان ئاشۇ ھاۋادىن نەپەسلەنسەم، ئۇ ياشاۋاتقان شۇ زېمىندا ياشاپ ئۆلۈپ كەتسەم دەپ ئويلىغانىدىم. ھازىر ھەممە ئۆتمۈشكە ئايلاندى. بۇ خىل تۇرمۇشقىمۇ ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدىم. سەھرا مەندەك بىر دەرتمەن، جىمغۇر، ياۋايى قىز بىلەن بىللە، يۈرىكىمدىكى بارلىق دەرت - ئەلەملەرنى سىغدۇرۇپ كەتتى. بەلكىم مەن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن. خەير خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي.

بەختسىز دوستۇڭ: مېھرى.

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەسقەرجان ئەزىز

# دېڭىزنىڭ ياخشىلىقى

(ھېكايە)



سالام پوچۇناي:

يىراقتىكى سەھرادا چىغىرتماق گۈللىرى، ياۋا بۈيىلار ۋە مەن ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ھەر خىل ئوت - چۆپلەر ... بىلەن قاپلانغان، شىلدىرلاپ ئېقىپ ئۆتىدىغان كىچىككىنە ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ سېنى ئەسلەۋاتىمەن. قولۇمدا بىر پارچە خەت. ئۇ سېنىڭ ماڭا ئاخىرقى قېتىم يازغان ھېلىقى ئۆزى سېرىق، قىزىل بالداق گىرۋەكلىك كونۋېرتقا سېلىپ ئالىيەدىن كىرگۈزگەن خېتىڭ.

ئاسمان سەتھى شىشىدەك سۈزۈك، يىراقتىكى ئۇپۇقتا ئاپئاق بۇلۇتلار خۇددى ئېگىز - پەس قارلىق تاغ تىزمىلىرىدەك قاتمۇ قات دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياپيېشىل دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان بۇغدايلىق، يىراقتىكى قارىيىپ كۆرۈنىدىغان سۇۋادان تېرەكلەرگە تۇتىشىدۇ. تەبىئەتنىڭ چىرايلىق پەسلى — ياز مەۋسۇمى، ماڭا ئەنە شۇنداق گۈزەل، ھاۋالىق ھەم جىمجىت مۇھىت يارىتىپ بەرگەنىدى. سەن بىلەن كۆڭلىرىم ئاجايىپ شادلىق ئىچىدە ئۆتكەنىدى.پوچۇناي،ئۇ كۈنلەرنى قانداق ئۇنتاي؟! ئۇ كۈنلەر مېنىڭ قەلبىمدە.

«سالام ئىسكەندەر:

دەريادا لەيلەپ كېتىۋاتقان قىپقىزىل ئالمىنى كۆرگىنىدە، ئۇلۇغ سۇنىڭ دەھشەتلىكلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، دەرياغا ئۆزىنى ئاتىدىغانلارنى سەن قانداق چۈشىنىسەن؟

ئىسكەندەر، ساڭا نېمە دەپ يازاي؟! سېنىڭ مۇھەببەت ئالدىدا جاسارەتلىك بولالمىغىنىڭنى، ۋاقىتنىڭ ئادىل سىناقلىرى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمىگىنىڭنى (مۇھەببىتىڭنى بەش ئاي سىنىماقچى بولۇپ، ساڭا ئېنىق جاۋاب

بەرمىگەنىدىم، بۇمۇ سىنى ياخشى كۆرگىنىم ھەم سىنىغىنىم ئىدى) ۋە مېنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئىستەكلىرىمنى بەربات قىلغىنىڭنى، ئائىشە بىلەن بىرگە بولۇشىڭغا باغلىدىم. سەندىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. دەل شۇ چاغدا بىر دوستۇڭدىن: «ئىسكەندەر سىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ پەقەت ۋاقىتلىق كۆڭۈل ئاچماقچى ...» دېگەننى ئاڭلىدىم. مەن تېخى سېنىڭ ئويۇنچۇقۇڭ بوپ قاپتىمەنما؟... مېنى تەڭسىز ھەسرەت باستى. ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن قىز قانداق ھالەتتە بولىدۇ؟ ئۇ قىزغا ئەمدى ھاياتتىن نېمە لەززەت؟... مەن بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كەلدىم. سەن ھەر قانچە قىلساڭمۇ، ئائىشە بىلەن بىرگە بولمىغىنىڭنى چۈشەندۈرەلمەيسەن ئىسكەندەر. چۈنكى ئۇ رەھىمسىز رېئاللىق ... سېنى ئۇنتۇش ئۈچۈن تىرىشقان قىز:

پوچۇناي»

«پوچۇناي، ئۇ خېتىڭنى ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم.

توغرا، سەن بەش ئايغىچە ماڭا ئېنىق جاۋاب بەرمىگەنىدىڭ. بىلەمسەن، بۇ مېنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرۇمغا تەگكەنىدى. سېنى «تېخى ئەجەب ھالى يامان، ھاكاۋۇر بىر نېمىكەنغۇ بۇ...» دەپ يۈرگەن چاغلىرىمدا بىر دوستۇڭ ماڭا: «پوچۇناي سىزنى پەقەت ياخشى كۆرمەيدۇ. ئىسكەندەرگە جاۋاب يېزىپ، ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلغانغا چۈشلۇق ئىش يوق دەيدۇ...» دېدى. مەن قانداق ئازابلاندىم؟ غەزەپلەندىم؟... شۇنىڭ بىلەن ئائىشەنىڭ ئۆزۈمدىن بېرى قويۇپ كەلگەن تەلپىنىگە قوشۇلدۇم ... ئەمدى ھېس قىلماقتىمەنكى، بىز ھېلىھەم تېخى نادان ئىكەنمىز. نېمە ئۈچۈن دوست بار يەردە دۈشمەننىڭمۇ بارلىقىنى ئويلىيالمىدۇق؟...

شۇ سېنتەبىر كۈنلىرى بىز ئايرىلغاندا، ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن قەلبىمنى، يېقىندا تاپشۇرۇپ ئالغان، دوستۇم ئۈچقۇننىڭ ماڭا ئەۋەتكەن، سەن بىزگە ناتونۇش، ئەمما ئۆز مۇھەببىتىگە داغ چۈشۈرمىگەن ۋىجدان ئىگىلىرىنىڭ (ئۇلار ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولالاپتۇ - يۇ، ئىككىمىز كۆرەلمەسلەرنىڭ بىر ئېغىز يالغان گېپى بىلەن مۇھەببەت بېكىتىدە تەمتىرەپ قاپتۇق.) بىر قانچە پارچە خېتىنى ساڭا ئەۋەتىش ئارقىلىق، ساڭا ساپ مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى، ئۇنى ۋاقىتنىڭ رەھىمسىز مۇدۇر - چوقۇرلىرىنىڭ ئۆچۈرەلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. مەيلى سەن ئىشەن ياكى ئىشەنمە، مېنىڭ ساڭا بولغان مېھرىم، خۇددى كۆز ئالدىمدىكى جىمجىت دالىدەك بىپايان ۋە چەكسىز، مۇشۇ چىرايلىق پۈراپ كەلگەن ياز مەۋسۇمىدەك پاك ۋە ھارارەتلىك ...

× × ×

«دوستۇم ئىسكەندەر:

ياخشىمۇ سەن، قايىنام - تاشقىنغا تولغان داشۆ ھاياتىمىز بىلەن خوشلاشقاندىن بېرى ساڭا خەت يازالمىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈر. يېقىندا دوستۇم مۇزەپپەرنىڭ ماڭا يازغان، ئەمما ئەۋەتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بىر پارچە خېتى ۋە بىر دېڭىز رەڭ ياغلىقنى ئۇنىڭ ئائىلى ھۆرمىيەت ماڭا ئەۋەتىپتۇ. بۇ چاغدا مۇزەپپەر ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر ئارماننى — گۈلستان ئىسىملىك بىر قىزنىڭ قويغان تەكلىپىگە چىن قەلبىدىن رازى ئىكەنلىكىنى ۋە قىزغا بولغان رىشتىسىنىڭ ئەبەدىل ۋە ئۆلمەس ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ۋەسىيەت قىپتۇ. ئەمما گۈلستاننىڭ نەدىلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن. مۇزەپپەر، بىز داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن سەن تاغنىڭ جەنۇبىغا، مەن شىمالىغا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىنكى يېڭى خىزمەت ئورنىدا تونۇشقان ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن مەن شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەنىدىم. مانا ئەمدى رەھىمسىز تەقدىر شاملى ئۇنى ئارىمىزدىن ئەپكېتىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ھەسرەتلەنگىنىمنى چۈشىنەرسەن. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئۇ تىلغا ئالغان تاغلىق يېزىغا باردىم. ياپيېشىل چۆپلەر بىلەن قاپلانغان يانتۇلۇقلاردا پادا بېقىپ يۈرگەن چوپانلاردىن يىراقتىكى ئاقباش چوققىلاردەك سۈكۈناتتا ئولتۇرغان ئاقباش بوۋاي، مومايلاردىن، ئېتىزلاردا جۈر بولۇپ ناخشا توۋلاپ ئەمگەك قىلىۋاتقان، ئالا - يېشىل كىيىنگەن يىگىت - قىزلاردىن، ماڭا ئۇچرىغان ھەممە، ھەممىدىن گۈلستاننىڭ دېرىكىنى قىلدىم. ئەمما ئۇ قىزنىڭ زادىلا دېرىكىنى ئالالمىدىم. كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق خەتلەرنى ساڭا ئەۋەتتىم. سەن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىسەنغۇ. ئۈمىدىم، مۇشۇ خەتلەرنى ھېكايەڭگە كىرگۈز، ئەمما دوستۇم بىلەن قىزنىڭ ئىسمىنى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆزگەرتمە. (گۈلستان ئەگەر سىز ھايات

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولسىڭىز مېنىڭ بۇ قىلمىشىمنى كەچۈرۈڭ ھەم دوستۇم مۇزەپپەرنىڭ سىزگە بەرمەكچى بولغان جاۋابىدىن ۋاقىپ بولۇپ قىلىڭ. ۋاقتىڭىز چىقسا سىزنى بىر ئۆمۈر سۆيگەن دوستۇم مۇزەپپەرنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ قويۇڭ. سىزنىڭ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان دېگىزرەڭ ياغلىقىڭىزنى خېتىڭىزگە قوشۇپ دوستۇم ئىسكەندەرگە ئەۋەتتىم. مۇزەپپەرنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلسىڭىز، خالىسىڭىز مۇھەببىتىڭلارنىڭ يادىكارى بولغان دېگىزرەڭ ياغلىقىڭىزنى ئېلىپ كېتىپ ساقلاپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ) ئىسكەندەر. شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن بېرى مانا مۇشۇنداق خىيالچان ۋە مۇڭلۇق بولۇپ قالدىم. مانا خېتىمدىمۇ ئۆز ئەھۋالىمغا ئائىت ئۇزۇكرەك بىر نەرسە يازالمىدىم. خەير، قولۇڭنى دوستانە سىقىپ:

دوستۇڭ ئۈچقۇن»

× × ×

«دوستۇم ئۈچقۇن:

ياخشىمۇ سەن، بىلەمسەن، دۇنيادا سىرلىق نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. ھەتتا ئەڭ يېقىن ئادىمىڭنىڭمۇ كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۇگۇلۇپ ياتقان سىرلىرى بولىدۇ. مېنىڭمۇ ھەم شۇنداق. مانا بۈگۈن ئەجەل ۋەھىمىسى ئىچىدە ياتىمەن. شۇڭا پىنھاندىكى بۇ سىرلىرىمنى ساڭا قالدۇرۇپ كېتىشنى ئويلىدىم.

مەن ياشلىقىمنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىدىغان ھېلىقى تاغلىق يېزىدا ئۆتكۈزدۈم. ئۇ يەردە تېخى ساڭا ئېيتىپ بەرمىگەن. (بۇ تەرىپىنى كەچۈر دوستۇم، ھەممە كىشىنىڭ ئاشۇنداق سىرلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي، شۇنداققۇ) قەلبىمگە تۇنجى رەت مۇھەببەت ئۇرۇقى چاچقان قىز مېنىڭ ئېسىمدىن ھېلى ھەم ئەبەدكە چىقمايدۇ ...

گۈلىستان بىلەن بىز بىرگە ئوقۇتۇق. گۈزەل ياشلىق باھارىغا قەدەم قويغان ئاشۇ باھار ئايلىرىدا قەلبىمدە بىر خىل غۇۋا بەخت تۇيغۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل تۇيغۇ مېنى مىسكىن بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. پەقەت پادىلىرىمىزنى قوشۇۋېتىپ، سۇ چېچىشىپ ئوينايدىغان شىلدىرلاپ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ چۈشىدىغان تاغ سۇلىرىنى سېغىنىدىغان، ياپپېشىل ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان تۆپىلىكلەرگە ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالدىم...

ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا ھارغىنىمغا قارىماي پادىلىرىمنى ھەيدەپ ئۇدۇل ئاشۇ تۆپىلىككە چاپىمەن. مەھەللە باللىرى ئاللىبۇرۇن يىغىلىشىپ بولغان بولىدۇ. پادىلارنى قوشۇۋېتىپ ئويۇنىمىزنى باشلايمىز. تاغ باللىرىنىڭ قىزىمايدىغان ئويۇنى ئاز ئىدى. ئەنە شۇنداق رومانتىك ياز ئايلىرىدا مەن تېخىمۇ بەكرەك جىمغۇرلىشىپ قالدىم. قىسقىسى، گۈلىستانغا ئاشىق ئىدىم. ئۇ ھەم جەرەن كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەيتتى. بارا - بارا ئۇنى كۆرسەملا يۈرۈكۈم سېلىپ، تىلىم لال بولىدىغان بولۇپ قالدىم. ياشلىقتىكى تۇنجى مۇھەببەت قانداق بولىدۇ؟ ئۇنى سەن ئەلۋەتتە چۈشىنىسەن. ئۇنىڭغا بولغان ئىشقىم كۈچىيىمەكتە ئىدى. گويا يالقۇندەك ئۇ ئارقىلىق يىراقتىكى ئاقۇش تاغ چوققىلىرىدىكى قار - مۇزلارنى ئېرىتىۋېتىشكە قادىر ئىدىم ... تاغقا ئوتۇن كەسكىلى كىرىپ ھەر خىل توسقۇنلارغا يولۇققىنىمدا ئۇنى ئەسلەيتتىم ۋە ئۆزۈمچە چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت سېزىپ، ئۆزۈمنى تەڭسىز بەختىيار ھېس قىلاتتىم. ھەر دائىم ئۇنىڭ مېھرى - ئىشقى بىلەن ياشايتتىم. ئۇزاق كېچىلەردە دېرىزىدىن تاغ چوققىلىرىغا ئېسىلىپ قالغان نۇرلۇق يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۇنىڭ كۆزىنى، تولۇن ئايغا قاراپ ئۇنىڭ يۈزىنى ئەسلەيتتىم. تاڭ سەھەر، ئەتراپ ياپپېشىل، قەلبىم ئۇندىن رومانتىك. ئۇ قەلب گۈلىستانىمنىڭ گۈلىستانى ئىدى ... قويساڭچۇ، ياشلىق چاغلار ئەجەپ - ھە!

شوخ ئىدىم. ئۇ ئۇماق ئىدى. ئاخشاملىرى مۆكۈ - مۆكىلەك ئوينايتتۇق. ئۇنى مۆككەن يېرىدىن تېپىۋالاتتىم. ئۇ كۆكرىكىمگە ئۇراتتى. غىدىقلىسام كۈلۈپ - كۈلۈپ يالۋۇراتتى. يۈرۈكۈم ھاياجاندىن دولقۇنلىناتتى ... ئۇنىڭغا جىرادىن رەڭدار كېپىنەكلەرنى تۇتۇپ بېرەتتىم. ئېرىق بويلىرىدا ناخشىلار توۋلايتتۇق. ئۇ چاغلار كىچىك چاغلار ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنى كۆرسەم قەلبىم داۋالغۇپ، تىلىم لال بولىدۇ. كۆڭلىرىم ئەنە شۇنداق ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان غەلىتە تۇيغۇ ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى.

... لەيلەپ قار چۈشمەكتە ئىدى. قار ئۇچقۇنلىرى ۋالىلدايتتى. تاغ خۇددى يوكۇنۇپ ئولتۇرغان ئاق يەكتەكلىك بوۋايدەك ئاق لىباسقا ئورالغىنىچە سۈكۈتتە ياتاتتى.

ئۇنى كىچىككىنە تاغ يولىدا ئۇچراتتىم. ئۇ ئۆزىگە يارىشىملىق كۆكۈش قارا چاقماقلىق پەلتوسى ۋە رەڭدار شارپىسى بىلەن، شۇنچە ئۇماق ۋە يەنە جەزبىدار ئىدى. ئۇ

ماڭا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ گويا يالقۇنلۇق چوغ، پۈتۈن بەدىنىمگە بىر هارارەت كەلمەكتە ئىدى، قار لەپىلدەپ چۈشمەكتە. ئۇ:

— مۇزەپپەر، شۇنچە سوغۇقتا نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ - دېدى.

— قارنى كۆرگىلى چىقتىم، - دېيەلىدىم ئارانلا. ئۇنىڭ ئاهۇ كۆزلىرىنىڭ هارارىتىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدىم. ئۇمۇ سۈزمەن ئىدى، بىراق بۈگۈن جىم تۇراتتى. شائىرغا ئىلهام بەخش ئېتىدىغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ مەنزىرە مېنى چىرايلىق بىر دۇنياغا يېتىلىمەكتە ئىدى، دۇنيا ئاق ئىدى، ئۇ ئاستا يىقىنلاشتى ۋە بىر قاتلانغان دېگىزرەڭ ياغلىقنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. قار لەپىلدەپ چۈشمەكتە ئىدى. كۈمۈشتەك ئاسمان كۆمبىزى گويا گۆهەر خەزىنىسىگە ئوخشاش سانسىز كۈمۈش پارچىلىرىنى تاشلايتتى. مەن ياغلىقنى ئاچتىم. مەستخۇش قىلغۇچى خۇشپۇراق گۈپپىدە ئۇرۇلدى. ياغلىقنىڭ چۆرىسىگە سېرىق يىپتىن زەنجىر شەكلىدە مونچاق چىقىرىلغانىدى. ياغلىق ساپ دېگىز رەڭدە بولۇپ، تولىمۇ سۈزۈك ۋە يەنە شۇ قەدەر چىرايلىق ئىدى. ياغلىق ئىچىدە يۈرەك شەكلىدە قاتلانغان مۇنداق بىر پارچە خەتمۇ بار ئىدى. خەتنى ساڭا قوشۇپ ئەۋەتتىم.

«سالام، تولىمۇ باغرى تاش ۋە بىپەرۋا مۇزەپپەر:

سەن نېمانچە بىپەرۋا ۋە يەنە بىپەرۋاسەن، بىلەمسەن، مەن سېنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم، پاك مېھرىم بىلەن ساڭا ئاشىق ئىدىم، ئەمما سەنچۇ؟ ساڭا ئاتاپ ياغلىق توقۇپ قويغىلىمۇ قاي زامان، ئەمما سەن يەنىلا بىپەرۋا ئىدىڭ. سەندىن قاچمەنۇ، قەلبىم يەنە ساڭا ئىنتىلىدۇ، ياپيېشىل تۆپىلىكتىكى قورام تاشقا يۆلەنگىنىمچە، كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاپئاق بولۇتلارغا قاراپ خىيال سۈرىمەن ... ئاق بۇلۇتلار بىردىنلا بىر جۈپ ئاققۇغا ئۆزگىرىپ، كۆپكۆك دېگىز سەتهىدە غاقىلدىشىپ ئۈزۈشكە باشلايدۇ. بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، قاناتلىرىنى كېرىشىپ، تۇمشۇقلىرىنى چوقۇلىشىدۇ ... توساتتىن ئاققۇلارنىڭ بىرى ساڭا، بىرى ماڭا ئۆزگىرىپ قالىدۇ ... شۇئان يۈرۈكۈم دۈكۈلدەپ ئۆزۈمگە كېلىمەن. كۆزۈم يەنىلا كۆك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلاردا ... ئېيتقىنا. مېنى ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇرلىغىنىڭنى بىلەمسەن؟ سەن يەنىلا بىپەرۋا يۈرەرسەنمۇ؟ جاۋابىڭغا تەشنا:

گۈلستان»

ئېيتقىنا ئۈچقۇن. مەن ۋارقىرايمۇ، سەكرەيمۇ ... شۇ دەقىقىدە مەندىن بەختىيار كىم بار؟ شۇنداق. مەن چەكسىز بەخت ئىچىدە گۈلستانغا بىر پارچە جاۋاب خەت يازدىم. بۇنى ساڭا قوشۇپ ئەۋەتتىم:

«سالام سۆيۈملۈك گۈلستان:

ئىھ! قەلب گۈلستانىمنىڭ گۈلستانى. مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق تەپتى مېنى ئاياپ قويىدى دەمسەن؟ پەقەت سېنى نېمە دەر دەپ ئويلاپ قىينىلىپ كەلگەنىدىم. راست ئەمەسمۇ. تۇنجى مۇھەببەت رەت قىلىنسا كىشى ئۈچۈن قانداق دەھشەت ... تەكلىپىڭگە مىڭ مەرتىۋە رازى

...سېنى مەڭگۈ سۆيۈپ

مۇزەپپەر.»

خەتنى چىرايلىق قىلىپ يۈرەك شەكلىدە قاتلىدىم. گۈلستاننىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ ئايىغىدا ئىدى. خەتنى ئەتە سەھەردە ئۇنىڭغا بېرىش ئۈچۈن يانچۇقۇمغا ئاۋايلاپ سالدىم. شۇ كېچىسى دەھشەتلىك بىر ۋەقە يۈز بەردى.

نەچچە كۈندىن بېرى ئۈزۈلمەي ياغقان قاتتىق قار دۆۋىلىنىپ، غايەت زور بىر جىسىمغا ئايلىنىپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان شۇدەمدە گۈلدۈرلەپ چۈشۈشكە باشلىدى. مەھەللىنى بىردىنلا قىيا - چىيا، قى - چۇ، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ يىغا زارلىرى قاپلىدى. كىشىلەر ئۆيلىرىدىكى قولىغا چىققاننى ئېلىپ، هايات قېلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. بىزمۇ ئۆيدىكىلەر ھەممىمىز ئازغىنە نەرسىلىرىمىزنى ئالدۇق - دە، مەھەللىدىن تۆۋەنگە قاراپ قېچىشقا باشلىدۇق. گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز تېخىمۇ ۋەھىمە سېلىپ، يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئەسىادىم گۈلستاندا، ئۇلار قاياققا ماڭغاندۇ؟ دېگەن سوئال كاللامدا چۆرگىلەيتتى ...

شۇ كېچىسى مەھەللىنى قار بېسىۋالدى. دوستۇم ئۈچقۇن، سەن قار كۆچكەننى پەقەت بىلمەيسەن. ئۇشۇنداق دەھشەت، خۇددى يۇگەنسىز نەرە تارتىپ كەلگەن زور كەلكۈنگە ئوخشايدۇ. شۇ قەدەر رەھىمسىز ۋە قورقۇنچلۇق. شۇنداق قىلىپ مەھەللىدىكى ھەممەيلەن تاراپ كەتتۇق. كىمنىڭ نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. توپتوغرا بىر كۈن يول يۈرۈپ، ئات هارۋىسىز بىر تاشيولغا چىقتى. قار بولسا تېخىچە چۈشمەكتە ئىدى ... مانا شۇنداق قىلىپ گۈلستاندىن ئايرىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ دېرىكىنى ھېچكىمدىن ئالالمىدىم. شۇ كېچىسىدىكى قار كۆچۈشتە مەھەللىمىزدىكى

www.uyghurkitap.com



خېلى جىق كىشىلەر قار ئاستىدا قېلىپ پاجىئەلىك ئۆلۈپ كېتىپتۇ. گۈلىستانمۇ ... ياق. ئۇ چوقۇم هايات، ئۇ مېنى تاشلاپ قويۇپ ھەرگىزمۇ كېتىپ قالمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئەمما ئۇنىڭ دېرىكىنى زادىلا ئالالمىدىم ...

سېنتەبىر كۈنلىرى سۇ سەمرىگەن چاغ. سەن ئىدارىمىزغا تەقسىم قىلىندىڭ. بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. سەن دائىم «نېمىگە شۇنچە ئاھ ئۇرىسەن؟ ئايالىڭ شۇنداق ياخشى، خىزمىتىڭمۇ كۆڭۈلدىكىدەك» دەيتتىڭ. مەن ئۈندىمەيتتىم. توغرا، ھۆرىيەت ھەقىقەتەن ياخشى قىز. ئەمما تۇنجى مۇھەببىتىڭنى ئەسلا ئۇنتۇيالمايسەن. بولۇپمۇ مېنىڭ گۈلىستانغا بولغان رىشتىم ئەبەدىي ۋە ئۆلمەس ... مانا ئەمدى ئېغىر بىتاب ياتىمەن. گۈلىستاننىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ: «سېنى سۆيىمەن» دېيەلمەي ئارمان بىلەن كېتىدىغان بولدۇم. دوستۇم سەندىن كۈتىدىغىنىم، گۈلىستاننى داۋاملىق ئىزدە، ئۇ چوقۇم ھايات، ئۇنىڭغا سەن ھېلىلا ئوقۇغان ھېلىقى جاۋاب خېتىمنى يەتكۈزۈپ بەرگەيسەن. بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان ئاخىرقى ۋە بىردىنبىر ۋەسىيىتىم بولۇپ قالسۇن.

ئەلۋىدا، دوستۇڭ مۇزەپپەر»

× × ×

«ھۆرمەتلىك ئۇچقۇن ياخشىمۇ سىز:

مەن ئېغىر ئازاب ۋە مۇسىبەت ئىچىدە سىزدىن ئەھۋال سوراۋاتىمەن. شۇ تاپ مۇزەپپەر ئۈچۈن قەلبىم پارە - پارە بولماقتا ... مۇزەپپەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ سىزگە يازغان بىر پارچە خېتىنى تېپىۋالدىم. شۇندىلا ئۇنىڭ كېچىلىرى ئۇخلىماي ئېغىر ئۇھ تارتىشلىرىنىڭ، كۈندۈزلىرى مۇڭلىنىپ، يىراقتىكى ئاقباش چوققىلارغا قاراپ تاماكا چېكىپ ئېغىر خۇرسىنىشلىرىنىڭ سىرىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. دوختۇرمۇ تاپالمىغان نامەلۇم كېسەل بىلەن بىئەجەل كېتىپ قالغىنىنىڭ سىرىنى يەشتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇنداق ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق، ۋىجدانلىق يولدىشىمنىڭ بولغىنىدىن چەكسىز پەخىرلەندىم، سۆيۈندۈم ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىم ئۈچۈن، ئۇ كۆز يۇمغان كۈندىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ھەسرەتلەندىم، ياش تۆكتۇم.

ھۆرمەتلىك ئۇچقۇن، سىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئىدارىمىزغا كەلگەندە، مەن مۇزەپپەرگە ئاشىق بولۇپ يۈرگىنىمگە توپتوغرا ئىككى يىل بولغانىدى. ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلگەنىدى. مەن ئۇنى سەۋدائىلارچە سۆيەتتىم. پاك مۇھەببىتىم ئالدىدا ھامان بىر كۈنى ئېرىيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ۋە شۇ كۈننى تەقەززارلىق بىلەن كۈتەتتىم. ئۇ بولسا يەنىلا تاماكىسىنى چېكىپ، يىراقتىكى ئاقباش چوققىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇۋېرەتتى. شۇ چاغلاردا ئۇ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى زادىلا بىلمىگەنىدىم. كېيىن بىز ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ زورى بىلەن توي قىلدۇق. مەن چەكسىز بەختىيارلىققا چۆمدۈم. ئەمما ئۇنىڭدا يەنىلا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. بەلكى كۈندىن - كۈنگە جىمغۇرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كېچىلىرى ئۇھ تارتىپ يىتىشلىرى ۋە كۈندۈزلىرى ئېغىر مۇڭغا چۆكۈپ تاغقا قاراپ ئولتۇرۇشلىرىنىڭ سەۋەبى مەن ئۈچۈن يەنىلا سىر ئىدى. ئىككىنچى يىلى سىز شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتتىڭىز، ئۇ بولسا يەنىلا تاغقا قاراپ ئۇھ تارتىپ ئولتۇرۇۋەردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىششقا باشلىدى. دوختۇرمۇ ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ يىلتىزىنى تاپالماي، پەرەز بىلەن داۋالاپ باقتى ... ئالدىنقى ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇ كېتىپ قالدى.

ھۆرمەتلىك ئۇچقۇن، مېنى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن بەكرەك ئۇنىڭ «ئارمان بىلەن كېتىپ قالدىم» دېگىنى ئازابلىماقتا. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھېلىقى تاغلىق يېزىغا باردىم. ئۇنىڭ قەدىمى تەگكەن، ئەڭ گۈزەل چاغلىرى ئۆتكەن ئاشۇ ياپيېشىل ئوتلاقلارنى، ئېتىز - ئىدىرلارنى ئارىلىدىم، ھېلىقى چىغىر يولدا ئولتۇرۇپ ئۇزاق ياش تۆكتۈم. ياپيېشىل تۆپىلىكتىكى چوقچىيىپ تۇرغان يىگانە قۇرام تاشقا يۆلەنگىنىمچە، كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلارغا قاراپ، كۆز ياشلىرىم خىيال چېچەكلىرىمنى يۇيۇشقا باشلىدى ... ئاق بۇلۇت بىردىنلا ئاق لەگلەككە ئۆزگىرىپ، ئاسمان سەتھىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى ... تۇساتتىن جۇدۇن كۆتۈرۈلۈپ، بوران چىقىپ، لەگلەكنىڭ يىپى ئۈزۈلدى ... ئاسمان سەتھى خۇددى غېرىبانە قەلب كۆلبەمگە ئوخشاش قارا بۇلۇت بىلەن قاپلاندى ... يېزىدا قانچىلىك چۆرگىلىدىم، بىلمەيمەن. مۇزەپپەر خېتىدا قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغاچ، ئۇ قىزنى تاپالماي قايتىپ كەلدىم ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئۆزۈمنىڭ بۇ خېتىمگە قوشۇپ، ئۇ ئۈچ پارچە خەتنى سىزگە ئەۋەتتىم. مۇزەپپەرنىڭ ۋەسىيىتىنى يەردە قويمايدىغانلىقىڭىزنى ئۆتۈنۈپ:

ئازاب ئىچىدە ھۆرىيەت»

× × ×

«سالام دوستۇم ئىسكەندەر:

مەن دوستۇم مۇزەپپەرنىڭ ۋەسىيتىنى يەردە قويمىدىم دەپ بىلگۈناھ، شۇنداقلا پاك يۈرەك ئېسىل بىر قىزنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدۇم. مەن ھېلىقى خەتلەرنى ھېكايە قىلىپ ئېلان قىل دېگىنچە، قىزنى داۋاملىق ئىـــزدىسەم بولماسمىدى. مۇشۇ دەقىقىــدە قەلبىــــمنىـــــى پۇشايمان شەمشەرلىرى تىلغىماقتا ... بۇ ئىش مۇنداق بولدى.

ساڭا ئەۋەتكەن خەتلەرنى سەن تەلىپىم بويىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلدىڭ. ژۇرنال خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ھارغاندا ئۇگىسىغا قونغان قۇشتەك، يىراق يېزىدىكى گۈلستاننىڭ قولىغا تېگىپتۇ. ئۇ ۋىجدانلىق قىز ئىكەن. مۇزەپپەرنىڭ بىر ئۆمۈر ياد ئېتىشكە مۇناسىپ قىز ئىكەن. دوستۇم بولدى سېنى قايمۇقتۇرماي، گۈلستاننىڭ دوستى گۈلزارە يېقىندا مۇزەپپەرنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلگەچ، ماڭا بىر پارچە خەت كىرگۈزۈپ، ئۆزى كۆرۈشمەيلا كېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ خېتىنى ساڭا بىرگە ئەۋەتتىم، گۈلستان ھەققىدە مۇشۇ خەتتىن خەۋەردار بولارسەن. ساڭا ۋە ئائىلەڭگە بەخت تىلەپ:

گۇناھكار ئۇچقۇن»

× × ×

«سالام، يولداش ئۇچقۇن:

گەرچە بۇ خەۋەر قايغۇلۇق بولسىمۇ، مۇشۇ خەتنى يېزىۋاتقاچ كۆزلىرىمدىن تارام ـ تارام ياشلار قۇيۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، دوستۇم گۈلستاننىڭ ۋەسىيتىنـــى ئورۇنداشقا مەجبۇرمەن. گۈلستان ئالەمدىن ئۆتتى. جان ـ جىگەر دوستۇم بىر ئۆمۈر مۇزەپپەر ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ، ئەمما ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي، ئەڭ ئاخىرىدا بىر قارانىيەت مەلئۇننىڭ قولىدا، پاجىئە بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئارمان بىلەن كېتىپ قالدى. ئۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئۆزى بىر ئۆمۈر چىن قەلبىدىن سۆيگەن كىشىسى — مۇزەپپەرنىڭ قەبرىسىنى يوقلىشىمنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. گۈلستاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىــن ئۇنىڭ ۋەسىيتىگە ئاساسەن بۇ يەرگە كېلىپ، مۇزەپپەرنىڭ قەبرىسىنى تاپتىم ۋە دوستۇم ئۈچۈن ئۇنىڭ قەبرىسىنى سۆيۈپ قويدۇم، گۈللەرنى تىزدىم، ياش تۆكتۈم. دەل شۇ چاغدا بىر قىز مەندىن ئەھۋال سورىدى. ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ماڭا گىرە سېلىپ ئۇزاق يىغلىدى. گۈلستاننىڭ ۋاپاتىدىن قاتتىق قايغۇردى. ئۇ مۇزەپپەرنىڭ ئايالى، ئىسمى ھۆرىيەت ئىكەن. بىز قەبرە ئالدىدا ئۇزاق يىغلاشتۇق. كەچتە ئۇ مېنى ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۇلارنىڭ ئۆيى پاكىز، رەتلىك ۋە يەنە شۇنداق ئىللىق ئىكەن. ئۆيگە كىرىپلا ئۇدۇلدىكى شىرە ئۈستىگە قويۇلغان بىر يىگىتنىڭ سۈرىتىگە كۆزۈم چۈشتى، ئۇ مۇزەپپەر ئىكەن. سۈرەتكە قارىدىم. ئۇنىڭ قاپقارا قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىدە تەگسىز مۇڭ، غەم ـ قايغۇ، چېھرى سولغۇن ئىدى. مەن دوستۇم چىن قەلبىدىن سۆيگەن كىشىنىڭ ھىدى قالغان بۇ ئۆيگە يېنىشلاپ سەپ سالدىم.

تاماقتىن كېيىن بىز جىق پاراڭلاشتۇق. ھۆرىيەت مەندىن گۈلستان ھەققىدە سورىدى. مەن ئۇنىڭغا دوستۇم ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم:

— ئاشۇ كۈندىكى قار كۆچۈشتە گۈلستانلارنىڭ ئائىلىسىمۇ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە قېچىپتۇ. تاڭ يورىغاندا ئۇلار بىر سايلىققا چىقىپتۇ. سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قارىيىپ كۆرۈنگەن دەرەخلىكنى نىشان قىلىپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلار يېتىپ بېرىپ قارىسا، ئۇ يەر ئەسلى بىر ئادىمزاتسىــز توغراقلىق ئىكەن.

ھۆرىيەتكە قارىدىم، ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ماڭا: «قېنــى داۋاملاشتــۇرۇۋېرىــڭ» دېگەندەك قاراپ تۇرۇۋەردى. مەن سۆزۈمنى داۋام قىلدىم:

— ئۇلار يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن سۇس تۈتۈننــى كۆرۈپ، توغراقلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ھېرىپ ـ چارچاپ ھېلىقى تۈتۈن كۆتۈرۈلگەن جايغىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئەسلى ئۇ بىر ئۇۋچىنىڭ يالغۇز كەپىسى ئىكەن. ئۇۋچى ئۇلارغا چاي بېرىپتۇ. ئۇلارنى بىر كېچە قوندۇرۇپ، ئەتىسى توغراقلىقتىن چىقىــرىپ قويۇپتۇ. توغراقلىقنىڭ ئۇ تەرىپى ياپيېشىللىققا چۆمگەن يايلاق ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئۇتلاقنى كېسىپ بىر كۈن ماڭغاندىن كېيىن، كۆچۈم بىر مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ بىزنىڭ مەھەللە ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە ماكانلاشتى. گۈلىستان بىلەن ئىككىمىز ئەڭ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. كېيىن ئۇ مۇزەپپەرنىڭ كۆپ دېرىكىنى قىلدى، ئەمما تاپالمىدى. خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ زورى بىلەن مەھەللە كومىتېتى باشلىقىنىڭ ئوغلى مەممەتكە ياتلىق بولدى. مەممەت مۇتەھەم ئىدى. گۈلىستان بولسا ھەممىشە يىراقتىكى ئاقباش چوققىغا قارىغىنىچە ئېڭەكنى تۇتۇپ، سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سىرىنى پەقەت مەنلا بىلەتتىم. ئۇ پىنھانلاردا ماڭا ئېسىلىپ: «مۇزەپپىرىم نەدىدۇ؟» دەپ يىغلاپ كېتەتتى.

ئۇ ھەممىشە بىزنىڭ پوچتالىيونى مەھەللىگە كىرىشىلا، تۇنجى بولۇپ يۈگۈرۈپ چىقاتتى. ئەمما ئۈنسىز تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى مۇزەپپەردىن ئۈشتۈمتۇتلا خەت - خەۋەر كېلىپ قالىدىغاندەك خىيالىي تۇيغۇدا ياشايتتى. ئەمما پوچتالىيوننىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ «غىچىر - غىچىر» قىلغان رەھىمسىز ئاۋازى پەقەت توختىماي كېتىۋېرەتتى. مەن بولسام ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشكە ئاجىز ئىدىم ...

ھەپتە ئىلگىرى مەھەللە باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئامىنە گۈلىستانغا بىر ژۇرنال بېرىپتۇ ۋە گۈلىستان ھەققىدىكى بىر ھېكايىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ژۇرنالنى تۇتقىنىچە ئىشخانامغا يۈگۈرۈپ كىردى ۋە:

— گۈلزارە، جېنىم دوستۇم — دەپلا ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ خېلىدىن كېيىن مۇزەپپەرنىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئېيتتى.

— ئاشۇ قار ياققان كۈندىكى ياغلىقىم بىلەن خېتىمنى پاك - پاكىز ساقلاپتۇ، - دېدى ئۇ تېخىمۇ ئۆپكىدەپ تۇرۇپ، — مۇھەببىتىمىزنىڭ ئاشۇنداقلا توزۇپ كېتەرىنى پەقەتلا ئويلىماپتىمەن. ئاھ ... — دەپلا يىقىلدى. شۇ كۈنى كەچتە گۈلىستاننىڭ قوشنىسى بۈۋى قۇندۇز ئۆيۈمگە ئۈشتۈمتۇت يىغلىغان ھالدا يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇ ئىسەدەپ تۇرۇپ، دادىسىنىڭ گۈلىستاننى دوختۇرخانىغا ئەكەتكىنىنى ئېيتتى. مەن ئۇدۇل بىزنىڭ دوختۇرخانىسىغا چاپتىم. ياتاققا كەلسەم گۈلىستان چىرايى ساپسېرىق ھالدا يېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ يىغا ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، كۆزىنى ئاچتى ۋە پەس ئاۋازدا:

— گۈلزارە يىغلىما، ئەمدى ئارام تاپىدىغان، مۇزەپپىرىمنىڭ يېنىغا بارالايدىغان بولدۇم. بۇنىڭدىن مەن بەك خۇشال، — دېدى. مەن تېخىمۇ بەك يىغلاپ كەتتىم. ئۇ يەنە، — بولدى دوستۇم، كۆڭلۈڭنى بۇزما، مۇزەپپەر مەن ئۈچۈن پۇچۇلىنىپ بىئەجەل كېتىپ قاپتۇ. ئۇ نەقەدەر مەرت. ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا، ئاشۇ قارلىق چىغىر يولدا بەرگەن تەكلىپىمگە جاۋاب ئالالىدىم. مەن نەقەدەر بەختلىك ... — مەن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدىم. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلماقتا ئىدى، — ژۇرنالدىكى مەن ھەققىدىكى ھېكايە بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كېتىپتۇ ھەم مەممەتنىڭ قولىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ قەھرى - غەزەپ بىلەن مېنى سوراق قىلدى. مەن مەممەت ۋە باشقىلار ئالدىدا مۇزەپپەرگە بولغان پاك مۇھەببىتىمنى جاكارلىدىم. مەممەت چىدىيالماي پىچاق سالدى. ئەمما مەن ئۇنىڭدىن خوش، بەرىبىر مۇزەپپەرنىڭ يېنىغا كەتمەكچى ئىدىم. مەممەت بۇنىڭغا ياردەم بەردى ... مەن بولالمايۋاتىمەن. سەندىن ئۆمىدىم، مەن ئۈچۈن مۇزەپپەرنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ تۇر، گۈللىرىنى تىز، دېڭىزرەڭ ياغلىقىم ئىسكەندەر ئىسىملىك دوستىدا، مۇزەپپەر ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك يادىكارى بولۇپ قالسۇن ...

ھۆرىيەتنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچى، ھۆرىيەت ئەنە مەن بىلەن قايتىپ، گۈلىستاننىڭ قەبرىسىنى يوقلاشنى ئىلتىماس قىلىپ تۇرىۋالدى. شۇڭا كېچىلەپ بۇ خەتنى يازدىم ۋە ھۆرىيەتنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ئادرېسى بويىچە سىزگە يوللىدىم.

خوش، سىزگە ناتونۇش قىز گۈلزارە»

× × ×

مانا پوچۇناي، بۇ ناتونۇش قىز - يىگىتلەرنىڭ يازغان بۇ خەتلىرىدىن سەن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭ؟ چىن ۋە پاك مۇھەببەت ئەنە شۇنداق بولسا - ھە پوچۇناي.

سېنى ياد ئېتىپ ئىسكەندەر.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

ئالىم مەتنۇرى

# يەتتە مېكىيان

(ھېكايە)

باش قىشنىڭ دۈشمەننىڭ ھېجىيىشىدەك بىردەملىك ئاپتىپى، مومايىنىڭ ئىشتىياقىنى تارتتى. ئۇ ئۆيدىن ئەسكىرەپ كەتكەن كونا پالازنى ئېلىپ چىقىپ، كۈنگەيگە قاقلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى ماگدام ھويلا بىلەن، كىچىككىنە باغنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاكارغىنە پاسىل تامنىڭ ئالدىغا يېيىپ تامغا يۆلەنگەن ھالدا قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇردى، سەل نېرىدىلا تال كۆمگەن كىچىككىنە دۆمبەلچەكتە ئۇنىڭ ئادەم چوقۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان ئەسكى چار خورىزى ئاستى توك، ئۈستى يۇمشاق ئەت توپىنى تاتىلاشتۇرۇپ، كۆنۈپ كەتكەن ئادىتى بويىچە رۇكۇلداپ، قەدىناس مېكىيانلىرىنى دان يېيىشكە چاقىرىۋاتاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن مومايىنىڭ خىياللىرى، سەكسەن نەچچە يىللىق ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە كۆز قۇيرۇقىدىن باشلىنىپ، ئېڭىكىدە گىرەلەشكەن تىلىم - تىلىم قورۇقلاردەك چىگىشلىشىپ كەتتى.

تېخى بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۇنىڭ دوپ - دوغىلاق تۇخۇمچى مېكىيانلىرىدىن يەتتىسى ئەنە ئاشۇ قېرى خورازنىڭ باشقۇرۇشىدا سەپ تارتىپ، چارلاشقا چىققان ئەسكەرلەردەك ھويلا ۋە كوچىنى قېدىرىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى مېكىيانلارنىڭ بىرسىمۇ يوق، ئەشۇلارغا كەلگەن ئەجەل مۇنۇ تاجىسى قېرى كالىنىڭ بويىنىدەك سالپىيىپ چۈشكەن ئۆلۈمتۈككە كەلسىچۇ! ئۇنىڭ ھالىغا باقماي ئادەم چوقۇيدىغان ئەسكى ئادىتى ئۈچۈن نەچچە ئۆلۈپ كەتكەنمۇ بولار ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بىر ياخشى يېرى مەيلى توخۇ كېسىلى بولسۇن ياكى كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىكى سەيچىلىنىڭ بىلەن باي بولغان قوشنىسىنىڭ بۇغدايىنى زەھەرگە مىلەپ، خەقنىڭ توخۇسىنى شاختىن تۆكۈلگەن ئۈجمىدەك قىرىۋېتىشىدە بولسۇن ھامان ئامان قالاتتى. شۇڭىمۇ موماي ئۇنىڭ خۇدا ئالمىغان جېنىغا مەن زامىن بولماي دەپ ھېلىغىچە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئامان قېلىشى، ئۆزى تاپقان داننى مېكىيانلارغا يىگۈزۈپ، ئۆزى يېمىگەنلىكىنىمۇ ۋە ياكى ئۇنىڭدا زەھەرگە قارشى ئالاھىدە كۈچ بارمۇ بۇنىسى نامەلۇم، ئىشقىلىپ ئۇھازىرمۇ مومايىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك قانات ئۇرۇپ قىچقىرىۋاتاتتى.

ئۆتكەندە مومايىنىڭ نەچچە توخۇسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئاشۇ ئىچى زەھەر سەيچىنىڭ ئايالى خىجىل بولماي تۇخۇم سوراپ كىرگەندە، مۇشۇ قېرى خوراز ئۇنىڭ كەينىدىن قانات ئۇرۇپ مۈرىسىدىن قان چىقارغان ئىدى. موماي بۇ ئىشنىڭ خىجىلچىلىقىدا خورازنى ئۇزۇن قوغلاپ، چالما - كېسەك ئېتىپ دېمىنى ئالالمىغاندا ئاندىن توختىدى. شۇ ۋاقىتتا موماي ئايالغا يىگىرمە نەچچە تۇخۇمنى بىكارغا بېرىۋېتىپ، كەچتە خورازنى قوندىقىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ئەتىسى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن پۇتىدىن باغلاپ قويغان ئىدى. ئەمما ئەتىگەنلىكى بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن ئاچچىقى قايتىپ يەنە نىيىتىدىن ياندى. مانا ئەمدى خوراز مېكىيانلىرىنى ئەسلىتىپ ئۇنىڭ قولىدىن دان يەپ يۈرەتتى.

مېكىيانلىرىنىڭ ئۆلەپ كەتكىنىگە مومايىنىڭ تولىمۇ ئىچى ئېچىشتى. ھازىرقىدەك تۇخۇمنىڭ باھاسى ئۆرلەۋاتقان مەزگىلدە كۈنگە بەشتىن تۇغۇپ بەرسىمۇ ئۇن كۈندە ئەللىك تۇخۇم بولاتتى. ئۇنى ئېلىپ - ساتارلارغا بەرسىمۇ يەتتە موچەندىن ئوتتۇز بەش كوي پۇل بولماتتى!؟ ئەشۇنداق پۇللار بىلەن موماي ئۆيىنىڭ چاي - تۇز، ياغلىرىنىڭ قىسىنچىلىقىنى تارتماي ئۆتكەن ئەمەسمىدى!؟ مانا ئەمدى پارچە - پۇرات پۇل لازىم بولغاندا يا باغلاپلا قويىدىن بىرنى ئېلىپ چىقىپ ساتقىلى بولمىسا... بۇنىسىغۇ بىر نۆرى، ئۈچ ئوغلى ئايدا ئۇن كويدىن پۇل بەرسىمۇ شۇ پۇللار بىلەنمۇ كۈننى ئۆتكۈزەلەيتتى. ئەمما ھەر قېتىم چىقسا ئۆزىگە يېپىشىۋېلىپ مومايىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان، يالغۇزلۇقنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئوماق نەۋرىسىنىڭ كۆڭلىنى نېمە بىلەن خوش قىلىدۇ؟ مومايغا ئەلەم قىلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم ئىش مانا مۇشۇ ئىدى. بۇ شەنبىمۇ چوڭ ئوغلى بىلەن بىرگە چىققان نەۋرىسىگە كۆلە - قاقتىن باشقا ھېچقانداق تاتلىق - تۈرۈم بېرەلمىسىمۇ، مومايدىن ئاجرىماي تۇرۇۋالغان بالىسىنى قىقىرتىپ يىغلىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئېلىپ كەتكەن ئىدى. موماي شۇ چاغدا ئەينى ۋاقىتتىكى باغرى يۇمشاق ئوغلىنىڭ ئانىسىنىڭ ئەمدى ئۆز بالىسىنىڭ يىغىسىغىمۇ ئېرەنسىگەنلىكىگە كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولدى.

ئوغلى كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدا بىردەم بىكار تۇرماي مومىينى ئىشقا بۇيرۇتمايدىغان، ھەتتا كۆز كۆنلىكى باشقىلارنىڭ ئېتىزىدا قېپقالغان كېۋەز شادىسىنىمۇ ئېرىنمەي چېپىپ ئۆيگە توشۇيدىغان ئوغلى، مانا ئەمدى ئەمەلدار بولغاندىن كېيىن ناھايىتى سوغۇققان، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان سۇرلۇك بىر دەم بولۇپ قالغان ئىدى. ھەتتا بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن مېكىيانلىرىغا چىدىماي يىغلاۋاتقان مومىينىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆز ئۆيىدىكى توخۇلاردىن بىر ئىككىنى بېرىشنى ئۆتۈنگەندىمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىپادىسىز تۇرۇۋەرگەن ئىدى. يەنە تېخى موماي ئامراقلىق بىلەن باغرىغا باسقان نەۋرىسىنى «كىيىملىرىڭ تويپا بولۇپ قالىدۇ» دەپ مومىينىڭ قۇچىقىدىن تارتىۋېلىشلىرىچۇ ... ئىشقىلىپ ئوغلى ئاجايىپلا بىر ئادەم بولۇپ قالغان ئىدى. پاكىز كېيىمىز ئۈستىگە يۇمشاق كۆرپە سېلىپ بەرسىمۇ قولىدا كۆرپىنى بىر قاتار سۈپۈرۈۋېتىپئاندىن ئولتۇراتتى. مومىينىڭ ئوغلىغا ئەل - مەھەللە ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن گەپ - سۆزلەرنى يەتكۈزۈپ قويۇشقا جۈرئىتىمۇ يوق. چۈنكى ئالدىنقى ھەپتىسى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ «ھارام نەپتىن ئۆزۈڭنى تارت، ھاجەتمەنلەرگە، قول ئاستىڭدىكىلەرگە سىلىقراق بول!» دېۋىدى، مومىينىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تېپىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭىمۇ موماي ئوغلىغا ئارتۇق - ئوشۇق گەپ قىلمايتتى. ئوغلىمۇ بۇ يەرگە كەلسە چىقىل ئاپتاپتەك بىردەمدىلا كىرىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. پەقەت ئاشۇ نەۋرىسىلا مومىينىڭ تويپىسىدىن قاچمايتتى، يىرگەنمەيتتى. خۇددى كۆندۈرۈلگەن قوزىدەك موماي نەگە بارسا شۇ يەرگە بېرىپ، خۇشال قىيغىتىپ ئوينايتتى. مومايمۇ ئوغلىنى قەدەمدە بىر تەنبىھلەپ «تويپىنى تۇتما، قولۇڭ پاسكىنا بولىدۇ» دەپ جىملەپ يۈرمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغاندا يەرگە تۇغۇلغانلىقىنى، ئۆلگەندە يەنە شۇ يەر ئۆز قوينىغا ئالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. دېمىسىمۇ ھاۋايى مۇئەللەقتە كىمنىڭ قەبرىسى بار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە موماي يەۋاتقان ئاش، ئىچىۋاتقان سۇ تۇپراقتىن كېلىدىغان تۇرسا، قېچىپ نېمە قىلىدۇ؟ ... شۇنداقتىمۇ موماي ئوغۇللىرىدىن ئاغرىنمايتتى. ھەتتا ئۇ مۇشۇ نەۋرىسىنىڭ خەتمە تويى ئۈچۈن شەھەردە تۇرغان ۋاقتىدا، كېلىنىنىڭ نورغۇن دارىتما گەپلىرىنى ھېچقانداق ئىپادىسىز ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كېلىنىنىڭ نان ياقمىقى تەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر تونۇر نان يېقىپ ئەكىرىپ بەرگەن ئىدى. موماي شەھەرگە كەمدىن - كەم كىرەتتى. چۈنكى ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆيىدە خۇددى ئېغىز - بۇرنىنى ئېتىپ قويغاندەك سىقىلىش ئىچىدە ئۆتەتتى. ھېچ ئىش قىلماي، ساپادىن قوپماي ئولتۇرۇشقا بولسا ئۇ كۆنەلمەيتتى. ئىلگىرى موماي ئانچە - مۇنچە ئۆيىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرگەنمۇ بولدى. ئەمما يوغان قاچىسى ئوغلىغا ئەرزىمىدى. ئوغلى قاچىنى چوڭ قىزىغا سۈيۈق بىر نېمىدە قايتىدىن يۇغۇزۇپ ئاندىن تاماق يېدى. شۇ چاغدا موماي كۆزلىرىدىن تېشىپ چىقىشقا تەييار تۇرغان ياشلىرىنى يوشۇرالماي ئاۋارە بولغىنىنى ھازىرمۇ ئۇنتۇمايتتى. يەنە تېخى ئايالى كىيىپ يىتىدىن چۈشۈپ كەتكەن چاقماق چاپاننى «ئۈستۈڭدىكى چاپان كونىراپ كېتىپتۇ، مۇنۇ چاپاننى كىيىۋال» دەپ كىيگۈزۈپ قويغان ئىدى. موماي شۇ ۋاقىتتا ئوغلىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا چاپاننى كىيىپ مەھەللىسىگە قايتارىدا، بېكەتنىڭ ئۆزىدىلا ئالماشتۇرۇۋالغان ئىدى. موماي چاپاننى كونا كۆرمەيتتى. چۈنكى ئۇ كونا كىيىم - كېچەك بازىرىدىنمۇ بىر نەرسە ئېلىپ كىيەتتى. بىراق شەھەردە 50 ۋە 60 ياشلىق ئاياللار لېۋىنى بوياپ، يۈزىنى ئاقارتىپ يۈرگىنى بىلەن، يېزىدا قىرىقتىن ئاشقان ئاياللار ئۇچۇق رەڭلىك نەرسىلەرنى كىيەلمەيتتى. ئۇنى ئاشۇ تۇرقىدا مەھەللىسىدىن بىرەرسى كۆرۈپ قالسا نومۇستىن ئۆلۈپ قالماسمۇ؟

ئۇ ئۆزىچە شەھەرلىكلەرنىڭ ئادىتىگە ھەيران قالاتتى. بىر ئۆيدە نان ياقسا ھېچكىم زۇۋۇلا تۇتتۇشۇپ بەرمەيتتى. بىرەر تال توخۇغا چاغلىق بىر نەرسىسى يۇتۇپ كەتتىمۇ - بولدى، كەچكىچە چالۋاقاپ ھەممىيلەننى تىللايتتى. شۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ يېزىدىكى قىزىپ كەتكەن تونۇر بېشىنى چۆرىدەپ بىر نانلىق خېمىر ئەكىرمەي، خالىس زۇۋۇلا تۇتتۇشۇپ بېرىدىغان خوشنا ئاياللارنى ئېسىگە ئالاتتى. مانا ئۇنىڭ يەتتە مېكىيانىنىمۇ پۇل تاپقاندىن كېيىن قىزىل كۆز بولۇپ قالغان، سەيىچى قوشنىسى بىر يولىلا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمما ئۇ كۆز يېشىدىنلا دەردىنى ئالدى. ھېچكىمگە ئەرز، ھال ئېيتىپ بارمىدى. ھەتتا يېزىلىق ھۆكۈمەتتە سىياسىي قانۇن كادىرى بولۇپ ئىشلەيدىغان كەنجى ئوغلىنىڭ زىيانىنى تۆلىتىۋېلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى

ئىزىپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ قوشۇلمىدى. بەلكىم نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ توخۇلىرى ئاشۇ خوشنىسىنىڭ ئېتىزىدىن دان، هويلىسىدىن ئوزۇق يىگەن بولغىيتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭغا «توخۇلىرىمنى تۆلە» دېسە يەنە مۇشۇ مەھەللىدە ياشىيامدۇ؟ ئاشۇ قوشنىسى بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قالامدۇ؟ نېمە قىلىدۇ ئۆتكەن ئىشنى تەگەپ؟!

موماي يېڭىگە قارىمۇ - قارشى كىرىشتۈرۈۋالغان قوللىرىنى تېخىمۇ بەكرەك چوڭقۇرلاشتۇردى. سەل قىيسايغان كۈن، سۈپسۈزۈك ئاسماندا چاقناپ تۇرسىمۇ بۇ زېمىن يەنىلا سوغۇق ئىدى.

ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان بېغىشى سەل ئىسسىغاندەك بولدى. يا زىكۇنلىرى بۇك دەرەخلەر ئارىسىدا ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بۇ پاكار ئۆي، يوپۇرماق تاشلاپ يالىڭاچلانغان دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۇپ - ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا نەچچە تۈپ كۆچەت، نەچچە تۈپ ئورمان بارلىقى، نەچچىسىنىڭ خە، نەچچىسىنىڭ بالا بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. بۇ ئورمانلارنى ئۇ رەھمەتلىك ئېرى بىلەن بىر - بىردىن قويۇپ ئاندىن ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى مۇشۇنچىلىك قاشالاپ چىققان ئىدى. ئورمانلارغا قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئازراق تەسكىن تاپقاندەك بولدى. بۇ ئورمانلارنى ئەڭ ئاز هېسابلىغاندا 40 — 50 مىڭ كوي پۇل بولاتتى. چوڭ ئوغلىنى رەھمەتلىك ئېرى هايات ۋاقتىدا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ، تېگىشلىك نېسىۋە ئايرىپ بەرگەن ئىدى. هازىر ئۇلار ئۆزى شەخسىي ئۆي سېلىپ كۆچۈپ چىقىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئون مىڭنى نىشانلاپ قويدى. ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ گەرچە تويىنى قىلىپ قويغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئۆيى يوق. شۇڭا ئۇنىڭغا ئون بەشمىڭنى ئاتاپ قويدى. ئەڭ كىچىككە بولسا ئون بەشمىڭنى هەم مۇشۇ ئۆي زېمىننى ئاتىدى. شۇ هامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئېرىنىڭ يىراق مەھەللىسىدىكى هال - كۈنى ناچار بىر نەۋرە سىڭلىسى كەلدى. ئېرى هايات ۋاقتىدا ئۇ پات - پات چىقىپ، ئەر - ئايال ئىككىيلەننى يوقلاپ تۇراتتى. رەھمەتلىكمۇ ئۇنى قۇرۇق قول قايتۇرماي، بەزىدە ئون يىگىرمە كوي پۇل، ئۇن - ياغ، بالىلىرىنىڭ كىچىك كەلگەن كىيىمىنى بېرەتتى. هازىرمۇ ئۇ سىڭلىسى مۇشۇ ئادىتىنى تاشلىماي مومايىنى يوقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيدىكى سۆلياۋغا ئوراپ كۆمۈپ ساقلاۋاتقان بەش مىڭ كوي پۇلدىن، ئۈچ مىڭنى ئاشۇ سىڭلىسىغا بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئويلىرى كۆڭلىنى قاتتىق يېرىم قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ نەچچە ۋاقتتىن بۇيانقى يالغۇزلۇقى، نەۋرىسىنىڭ چۈچۈك گەپلىرى بىلەن ۋاقىتلىق ئۇنتۇلۇپ بېرىۋاتاتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان نەۋرىسىمۇ يوق، ئۆگزىدىكى پاسار ئارىسىدىن توخۇم ئىزدەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانغا توخۇلىرىمۇ يوق. ئوغلى ئاشۇ نەۋرىسىنىڭ، مومايىنىڭ يېنىدا تۇرۇشىغا قوشۇلسىغۇ، موماي بەلكىم بۈگۈنكىدەك باش - ئايىغى يوق خىياللارنى قىلىپ يۈرمەس ئىدى.

موماي ئېغىر خۇرسىندى. ئۇنىڭ پۈتكۈل هاياتى هازىرقىدەك يالغۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەندەك، بۇ دۇنياغا ئۆزى يالغۇز كېلىپ يەنە ئۆزىدىن باشقا هېچكىمنى كۆرمەي يالغۇز كېتىدىغاندەك بىر خىل يىگانىلىق ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئىدى. قويلارنىڭ مەرىشى ئۇنىڭ خىيالىنى ئوغرىلىدى. ئېغىلدىكى ئالتە قويمۇ ئۇنىڭ ئەرمىكى ئىدى. نەۋرىسى بىرگە تۇرغان ۋاقىتلاردا ئىككەيلەن ئېتىز - قىرلارغا بېرىپ ئوت ئوتايتتى. كىچىككىنە نەۋرىسىمۇ مومايغا ياردەملىشىپ چۆپنىڭ بىرەر تال قولىقىنى، بەزىدە يىگىلا ئۈسۈپ چىققان قوناق مايسىلىرىنى يۇلۇپ كېلەتتى. موماي ئاشۇ چاغلاردا نەۋرىسىنىڭ تۇغۇلغىنىغا نەچچە كۈن بولغان قوزىچاقلارنى قۇچاقلاپ يۈرۈشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، قويلىرىغا قايتىدىن سىنچى نەزىرى بىلەن قاراپ چىقتى.

غەرىپكە باش قويغان كۈن قىزىرىپ، سوغۇق خېلى كۈچىيىپ قالغان ئىدى. مومايغا يېنىك تىترەك ئولاشتى. ئۇ تامغا تايىنىپ ئۆرە بولغاندىن كېيىن، ئويۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىردەم تۇرۇۋېلىپ، تامنى ياقىلاپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ تۆت - بەش قەدەم مېڭىپ توختاپ قېلىپ، بىر نەرسە ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك كەينىگە قارىدى. دېگەندەك ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرغان پالاز ئولتۇرغان جايىدا يېيىلىپ تۇراتتى. ئۇ پالازنى ئالغاندىن كېيىن تايىنىشقا پەقەت تاملا قالغاندەك يەنە شۇ قىياپەت بىلەن قەدەم ئالدى.

ئەمدى قېرى خوراز تام تۈۋىدە بىر نەرسە باردەك موماي ئولتۇرغان يەرنى تاتىلاشتۇرۇۋاتاتتى. مومايىنى پۈتۈن دۇنيا مۈزلاپ قالغاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار

# باش باھارنىڭ تۇنجى يامغۇرى

(ھېكايە)

ئاشۇ كۈنىمۇ بۈگۈنكىدەك سىم - سىم يامغۇر ياغقان سوغۇق كۈنىدى. شۇ كۈنى مېنىڭ ۋۇجۇدۇم چوڭقۇرلۇقلىرىدا يۈرىكىم تىنىمسىز ئىدى. ئۆزۈمنى خۇددى ھېلىلا بېشىمىزدىن نەچچە قېتىم ئەگىپ، ئەركىن ئۇچۇپ ئۆتكەن باھار قارلىغاچلىرىدەك يېنىك سېزەتتىم.

بىز ئۇچرىشىپ گۈللۈكلەرنى ئايلىنىپ ئاستا يۈرۈۋاتقىنىمىزدا، باھار كىرگەندىن كېيىنكى تۇنجى يامغۇر بەختىمىزگە شېرىك بولۇپ، بىزنى قۇتلۇقلاۋاتقاندەك شىپىلداپ يېغىشقا باشلىدى. راست، ئۇ باش باھارنىڭ تۇنجى يامغۇرى ئىدى. سەن ھاۋانىڭ خېلىلا سوغۇقلۇقىغا قارىماي سۇمباتىڭغا لايىق نېپىز كۆڭلەك كىيىۋالغانىتىڭ، يامغۇر كۈچىيىشكە باشلىدى. مەن سېنىڭ «سوغۇقتا توڭۇپ كەتتىم» - دەپ ياتىقىڭغا كىرىۋېلىشىڭدىن ئەنسىرەيتتىم، چۈنكى سەندىن زادى ئايرىلغۇم يوق ئىدى. يامغۇر پېشانىلىرىڭگە، مەڭزىڭگە، بۇرنۇڭغا؛ لەۋلىرىڭگە خۇددى ئانامنىڭ ماڭا بەخت تىلەپ پېچىرلىغاچ پېشانەمگە سۆيۈۋاتقان ئىللىق، يۇمشاق لەۋلىرىدەك يۇمشاق تامچىلايتتى. سەن كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك ياتاق بىناسى تەرەپكە ئەمەس، يېقىنلا يەردىكى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئوچۇق ئىشىكىگە قاراپ نازۇك كۈلگىنىڭچە يۈگۈردۈڭ... تېقىمىڭغا چۈشۈپ تۇرىدىغان تۇم بىر ئۆرۈم چېچىڭنىڭ تۈزۈندىلىرىگە قونغان مەرۋايىتتەك تامچىلار، بۈگۈنكى كۈننىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا، چېچىڭنىڭ سىلكىنىشىگە ئەگىشىپ يالتىرايتتى. بىز مۇشۇ پەشتاقنىڭ ئاستىغا كىرىپ توختىدۇق. ئەمدى بىزنى كارىدورغا كىرىپ ئۈستىگە چىقىپ كېتىۋاتقانلار كۆرەلمەيتتى.

ئاشۇ كۈنىمۇ بۈگۈنكىدەك سىم - سىم يامغۇر ياغقان سوغۇق كۈنىدى. سەن يۈگۈرگىنىڭچە مۇشۇ مەن ھازىر تۇرۇۋاتقان پەشتاقنىڭ ئاستىغا كىرىپ توختىدىڭ، يېنىك ھاسىراشتىن يۇمران كۆكسۈڭ بوش كۆتۈرۈلۈپ پەسلەيتتى. بىر دەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن مۇشۇ ھېكايەڭنى، مەن ھازىر ئۆز قولىقىمغا ئىشەنمەي تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان ھېكايەڭنى، ماڭا ئەڭ تونۇش، يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىغا ئورناپ كەتكەن،

مەن بىر ئۆمۈر تىڭشاپ ياشىماقچى بولغان يېقىملىق، جەزبىلىك ئاۋازدا، يۈرىكىمنى شۇر - شۇر ئېقىتىپ، كۆزلىرىمدىن تارام - تارام ياشلارنى ئاققۇزغان تەسىرلىك ھېكايەڭنى سۆزلەۋاتاتتىڭ؛ بۇ قېتىم ھېكايەڭنى ئاشۇ كۈندىكىگە ئوخشاشلا، باھارنىڭ سىم - سىم يامغۇرلۇق كۈنىدە ئاڭلاۋاتقان كىمدۇر؟ ئەمدى سىرتتىكى يامغۇرنىڭ ئاۋازى ماڭا كۆر ئۈستىگە تۆكۈلۈۋاتقان شېغىلدەك يېقىمسىز ئاڭلىنىۋاتاتتى. مەن يەنە سېنىڭ پەشتاق ئاستىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازىڭغا قۇلاق سالدىم. ھېكايەڭنى نەدىن باشلىغىنىڭنى بىلمەيمەن، ئەمما سەن ئاشۇ كۈنى مېنىڭ بېشىمنى ئاققۇزغان ئەڭ تەسىرلىك يېرىنى سۆزلەۋاتاتتىڭ.

«... مەن ئۇ كۈنى شۇنداق ئۈمىدسىزلەندىم، پۈتۈن ئالەم ماڭا مەسخىرىلىك قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل غېرىبلىق، ئۈمىتسىزلىك، مىسكىنلىك قاپلىۋالغانىدى، مەن مېڭىۋاتقان مۇشۇ يول، كىچىكىمدىن ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان تېرەكلەر، تېرەكلەر ئارىسىدىن خۇددى يېتىمنىڭ كۆز يېشىدەك ئۈنسىز ئاقىدىغان كىچىككىنە ئېرىق سۈيى، تېرەك، جىگدىلەر ئارىسىدا شۆمشىيىپ تۇرغان ماكاپ گۈللىرى، ياپيېشىل چېچەكلىرى ... ھەممە، ھەممىسى ماڭا مەسخىرىلىك قاراۋاتقاندەك ئىدى. كۆز ئالدىمدا ئالىي مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغەزلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ چېھرىسىدىكى بەخت جىلۋىلىرى، ماڭا خۇددى مېنى يۇتۇپ كەتمەكچى بولغان توپاندەك، بۇ توپان مېنى قوغلاپ مېنى باستۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك زاھىر بولاتتى. يۈرىكىم قانداقتۇر بىر سىقىلىشنى سېزەتتى، ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىغا «ئالىي مەكتەپكە نومۇرۇم يەتمەپتۇ» دەپ بارسام ... ئۆيۈمدە قانداق تاپا - تەنىلەر مېنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ، ئاھ، بۇلارنى ئويلىسام خۇددى «يېرىلىك تاشىم» چۆچىكىدىكى تاشتەك، يەر ۋاككىدە يېرىلسا يەر ئاستىغا كىرىپلا كەتسەم دەيتتىم ئىچىمدە، مەھەللىمىزنىڭ ئاياغ تەرىپىدە كىچىككىنە بىر كۆل بار ئىدى. كۆلنىڭ ئەتراپى بۈككىدە سۆگەتلىك ئىدى، مەن دائىم بۇ كۆلدىن سۇ ئالغىلى كەلگەندە كۆل بويىدىكى قېرى

سۆگەتنىڭ يالڭاچلىنىپ قالغان چوڭ يىلتىزىدا بىر دەم ئولتۇرۇۋالاتتىم. بۇ قېتىممۇ ئىنتايىن ئېغىر ئازاب ئىچىدە يەنە مۇشۇ كۆل بويىغا كېلىپ قالدىم. كۆل مېنىڭ قەلبىمدىكى بارچە ئازابنى سۈغۇرۇۋېلىپ، ئۆز چوڭقۇرلۇقلىرىغا سىڭدۈرۈۋېتىدىغاندەك تىپتىنچ جىمىرلاپ تۇراتتى. مەن ھېلىقى سۆگەت يىلتىزىغا ئاستا ئولتۇردۇم. ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلەۋاتقان ئەلەملىك بىر يىغا، كۆكسۈمنى تېشىپ ئۆتكەن ئوقتەك «پاڭ» قىلىپ ئېتىلىپ چىقتى ... كۆل بويىدا قانغىچە يىغلىۋالدىم ...»

ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالمىدى. گەرچە بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرى ماڭا تونۇش بولسىمۇ، پەشتاق ئاستىدا باشقا بىرى ئۇچۇن سۆزلەۋاتقان ھېكايىنى زادى ئاڭلىغۇم كەلمىدى. ھېكايەڭ — «... قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ تەكرار ئوقۇدۇم. كېيىنكى يىلى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بۇ شەھەرگە كەلدىم ... سىز بىلەن تونۇشتۇم ...» دېگەن يەردە توختايتتى. ھېكايە مېنى ئۆزىگە چەكسىز باغلاپ، سېھىرلىۋالغان جەزىبىلىك ئاۋازدا ئېيتىلىۋاتاتتى. بۇ ھېكايىنىڭ ئاشۇ جەزىبىلىك ئاۋاز بىلەن قوشۇلۇپ، ئەڭ كىچىك نېرۋىلىرىمغىچە سىڭىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ ھېكايىنىڭ كۆڭلۈمدە نەچچە قېتىم ئېسىمدىن ئۆتىدىغانلىقىنى سەنمۇ بىلمەيتتىڭغۇ؟!

سەن بىلسەن، سىم - سىم يامغۇر ياغقان باھارنىڭ تۈنجى كۈنىدىن باشلانغان روھىي سەرسانچىلىق، مېنى توپتوغرا بىر ياز قىيىنىدى. ئاشۇ كۈنلەردىكى ئىنتىلىشلىرىمنى، كېچىلىرى يوشۇرۇن چەككەن ئازاب، ئىز تراپلىرىمنى ... تەڭقىسلىق، تېڭىرقاشلىرىمنى ئاخىرى بىر پارچە خەتكە يازدىم. تەتىل قىلىپ كېتىدىغان كۈنى خېتىمنى سېنىڭ بىر يۇرتلۇق دوستۇڭغا بەردىم. خەتنى سەن ئۆيۈڭگە بارغاندىن كېيىن بېرىشكە ۋەدە ئالدىم. يەنە مەكتەپكە يىغلىدۇق. بىر قىش ئۆتتى. ئەمما مەن بۇ قىشنى گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان چىمەنلىكتە ئۆتكۈزگەندەك، خۇددى ئانامنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاق ۋاقتىمدىكىدەك ئىنتايىن بەختلىك ئۆتكۈزدۈم. مەن ساڭا، سېنىڭ ئاشۇ گۈلدەك لەۋلىرىڭ ئارىسىدىن، تومۇزدىكى مەيىن شامالدەك يېقىملىق ئاۋازدا بەرگەن ۋەدەڭگە، لەۋلىرىڭدىن بىر نەچچە قېتىم ئۆزدۈرگەن مۇھەببەت گۈلىنىڭ كىشىنى مەست قىلغۇچى ھۇزۇرىغا ئىشىنىپ، ساڭا ئۆزۈمنى بېغىشلىۋەتكەنتىم.

تومۇزدىكى قانلارمۇ سەن ئۈچۈنلا ئېقىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنى مېنىڭ دوستلىرىم، سېنىڭ دوستلىرىڭ ھەتتا ئاتا - ئانامۇ بىلەتتى ... بىراق بۈگۈنكىچە ئالدىنىپ كەلگەنلىكىمنى بىلمەپتىكەنمەن. يېقىنىڭياقى مەندىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ يۈرگەنلىكىڭ بىكار ئەمەسكەن -دە ... مەن پەشتاقنىڭ ئۇستىدە، سەن پەشتاقنىڭ ئاستىدىكى مۇزدەك سوغۇق بوشلۇقتا ھېكايەڭنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىسەن.

مەن ئويلىنىپ قالدىم، نېرۋىلىرىم ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى. ئاشۇ ئەپسۇننى ئاڭلاۋاتقان كىمدۇ؟ ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇ ھېكايىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلارمۇ؟ ئەسلى مەن ئۇنىڭغا، ھېكايىنى ئاڭلىغۇچىغا نەپرەتلىنەلەيتتىم بولاتتى، بىراق ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئاھ بىچارە ... ئاھ باش باھارنىڭ تۈنجى يامغۇرى، سەن يەنە تالاي كىملەرنى مۇشۇ پەشتاق ئاستىغا ئېلىپ كېلەرسەن؟!

ھېكايەڭ باشقا بىرسىگە خۇددى مەن ئاڭلىغاندىكىدەك ھېچنېمىسى ئۆزگەرمەي، ئاشۇ سېھىرلىك ئېزىتقۇ ئاھاڭدا سۆزلىنىۋاتاتتى. ماڭا يادا بولۇپ كەتكەن خۇرسىنىشلىرىڭمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى. قولۇمدىكى كىتاپ «پاق» - قىلىپ چۈشۈپ، بىر نەچچە باسقۇچ دومىلاپ كەتتى. پۇتۇنلەي قولاققا ئايلانغان ۋۇجۇدۇم سىلكىنىدى. ئاستا - ئاستا ئۆزۈمگە كەلدىم. بىر نەچچە باسقۇچ تۆۋەندە كىتاپنىڭ مۇقاۋىسىدىكى قىز، چاچلىرىنى مۇرىسىدىن كىسىۋەتكەن، قولىدا سومكا تۇتۇۋالغان، ئۇزۇن قارا كاستيۇم كىيىۋالغان قىز، سۇلغۇن ئەمما قەتئىيلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. بۇ كىتاپنى تېخى سەن بەرگەن. ماڭا ئۆزۈڭنىڭ بۇ كىتاپنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئېيتقانتىڭ تېخى. بۇ كىتاب «چالقۇش» ناملىق رومانىدى.

ھېكايەڭ داۋاملىشىۋاتاتتى. مەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كىتابنى قولۇمغا ئالدىم. كىتاپنىڭ مۇقاۋىسىدىكى لاي يۇقۇندىلىرىنى ئالقانلىرىم بىلەن سۈرتتۈم. مەن پەشتاقتىن چۈشۈپ، بىنادىن چىقىپ كەتتىم. ھېكايەڭ توختايدۇ دەپ قالغانىدى. ئەمدى ئاۋازىڭ ئاڭلانماي قالدى. يامغۇر يېغىۋاتاتتى، ئەمدىلىكتە سىم - سىم يېغىۋاتقان يامغۇر، خۇددى سانسىز يىڭنىلەردەك كۆزلىرىمگە، قولاقلىرىمغا سانچىلىپ، يۈرىكىمنى تىشىپ قانىتىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

ئابدۇلئەھەت قادىر

## گۈل بەرگىدە چاقنايدۇ شەبنەم

### ئالدىنىش

تورزۇپ گويا كۆكتىن كۈمۈش پەر،
ئاپئاق لىباس يېپىنسا دالا.
قاماشتۇرۇپ كۆزنى شۇ قەدەر،
چاقناپ كۈمۈش نۇر قىلسا جۇلا ...

«نىگارىمنىڭ كۆڭلى قاردەك ئاق،
دېسەم، — ئەمەس ھەرگىزمۇ ئالا».

نەدىن بىلەي، ئالدانغىنىمنى،
(ئەسلى ئەقلىم ئىكەن بەك چالا).

بولدى ئاشكار ئېرىگەندە قار،
ئاق ئاستىغا مۆكۈنگەن قارا.
«ئاق»نى «ئاپئاق» دېدىم،
شۇ سەۋەب:
يۈرىكىمدە قالدى ئىز - يارا!

## گۈل بەرگىدىن تامچىيدۇ شەبنەم

گۈل بەرگىدىن تامچىيدۇ شەبنەم،
نازۇك تىترەپ ئۆكسۈيدۇ ياپراق.
دانە - دانە كۈمۈش قەترىنى،
دەپىن قىلار قوينىغا تۇپراق.

نىگار شۇ دەم گۈلنىڭ بەرگىدە،
قالغان ھىجران - داغنى كۆرسەن.
«شەبنەم گويا مېنىڭ كۆز يېشىم»،
دېسەم، ئەجەپ سىرلىق كۈلسەن.

سەن كۈلۈشنى بىلسەن نىگار،
يىغلىتىشمۇ كېلەر قولۇڭدىن.
«ئۇن كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار»،
سەنمۇ ئاگاھ بولغىن بۇنىڭدىن ...

ئالەم ئۇزۇن، بىراق ئۆيلىما،
ئۆتۈمەن دەپ كۈلگەن شۇ پېتىم.
سەن ئاناڭدىن يىغلاپ تۇغۇلغان،
ۋە يىغلايسەن يەنە بىر قېتىم ...

× ×

گۈل بەرگىدىن تامچىيدۇ شەبنەم،
ھىجران، پىراق ئاڭا مۇجەسسەم!

### ھىجران

ئۇنۇتتۇڭمۇ مېنى پەرىشتەم،
ئۇنۇتتۇممۇ ياكى مەن سېنى؟
كۆز يېشىمدا توقۇلغان كەشتەم،
جاۋاب بېرىپ باقسۇنا قېنى!.

سەن ئۇنۇتتۇڭ، ئۇنۇتتۇڭ گويا،
ئۇنۇتقاندەك ھەممە - ھەممىنى.
مۇھەببەت — ئۇ شۇنداق بىر دۇنيا،
ئۇنتالمايسەن بەربىر مېنى ...!

### سالام خەت

«بىرىم دىدار» — دەيدىكەن خەتنى،
(كىم دېسە راست دەپتۇ بۇ گەپنى).

خېتىڭ تەگدى، قۇرغا تىزىپسەن،
ھەرپ ئەمەس ئۇنچە - سەدەپنى.

كۆز ئالدىمدا بولدۇڭ نامايان،
ئوقۇغاندا سالام خېتىڭنى.
چېكىتلەردىن كۆردۈم كۆزۈڭنى،
ھەرپلەردىن ھىدلاپ ھىدىڭنى.

ئارىمىزدا ئۈزۈلمەيدۇ خەت،
چېچەكلىتىپ ۋاپا - تىلەكنى.
سالام خەتتە چاقناپ ئەقىدە،
مەھكەم چاتار ئىككى يۈرەكنى ...

# كۆلكە

كۆلگىنىڭنى باقمىدىم كۆرۈپ،
سەن كۆلۈشنى بىلمەسەن، جېنىم؟
— دېسەم «كۆلدۈڭ» قاپىقىڭ تۇرۇپ،
كۆلسەڭ شۇنداق كۆلمەسەن، جېنىم ...

كۆلەلمىسەڭ ياكى كۆلدۈرۈپ،
«مۇزلۇق» دېسەم كۆنمەسەن جېنىم.
كۆلكىلەردىن كۆلكە تۇغدۇرۇپ،
بىر كۆلگەنگە ئۆلمەسەن، جېنىم؟!

# ئىككى غەزەل

1

بۇرادەر، بولدى بەس! سۆلەت، ئاتاق «تۆھپەڭ»نى پەش قىلما،
ئېنىققۇ شاختىكى ئالماڭ، سېلىپ جار تۆتنى بەش قىلما.

نەھاجەت، «مەن پالانچى» دەپ ئۆزۈڭنى كۆپتۈرۈپ ماختاش،
خالايىق بىلمىسەكاشكى، يۈزۈڭنى بۇنچە «لەش» قىلما.

ئۇيالماي تۆرتالاشقانچە ئۆزۈڭگە ئوخشىماي قالدىڭ،
نەۋاقتىن ساڭا مايىل بۇ كۆڭۈلنى ئەمدى غەش قىلما.

ئەمەس سەن زاتى ئىسكەندەر، نىھايەت سەنمۇ ئادەمغۇ،
غۇرۇرۇڭ بولسا شۆھرەت دەپ ئېتىپ قاش ناز - كەرەش قىلما.

غادايما بۇنچە كۆرەڭلەپ،ئىشىڭغا ئەل باھا بەرسۇن،
نە قىلساڭ ئەل ئۈچۈن قىلغىن، ئۆزۈڭچۈن «جەڭ - كۈرەش» قىلما.

ئۇياتسىز ھۆپپەكەر داڭلاپ ساتارمىش جا - كاسات مالنى،
قىلاي دەپ سەنمۇ بىر ئاخماق ئاۋامنى، خام كېڭەش قىلما.

ھاياتتا ئەھلى ئىنسانغا تەكەببۇر ئەيلىمەك ئاردۇر،
بۇرادەر، بولغىنا كەمتەر، ئاتاققا كۆپ ھەۋەس قىلما!

2

مەرھابا ئەي دىلرەبا، قەددى زىبا جانان كېلىڭ،
جۈپ كۆزۈم يولدا، قولۇم كۆكسۈمدەئاھ، چاپسان كېلىڭ.

www.uyghurkitap.com



«كېلىمەن» دەپسىز شۇ ئان باقتىم ئىشىككە تەلمۈرۈپ،
لەۋزىدە تۇرغايمۇ دەپ تەشۋىشكە چۈشتى جان، كېلىڭ.

كەلسىڭىز پەيتى ۋىسال ئالساق راسا بىر مۇڭدىشىپ،
جۇش ئۇرۇپ كەتمەسمۇ ئاھ، ئۇرغۇپ تومۇردا قان، كېلىڭ.

مەيلى شام ـ تۈن نىسپىدە ۋە يا كېلىڭ تاڭ ـ سۈبھىدە،
سىز ئۈچۈن باغرىمدا بىر ئاتەش تونۇز ـ گۈلخان، كېلىڭ.

سىز بىلەن تۈنجى قېتىم ئۇچراشمىسام خوپ بوپتىكەن،
بولدىغۇ شۇندىن بۇيان تىنچ كۆڭۈل ۋەيران، كېلىڭ.

بار ئىدى پاتمان سۆزۈم، كەلگەندە ئېيتارمەن يەنە،
چۈنكى خەتتە بىرمۇ بىر ئېيتماققا يوق ئىمكان، كېلىڭ.

ۋەسلىڭىزگە تەلمۈرۈپ بولدى ئەھەدى ئىنتىزار،
دىلخانەمگە بىر ئۆمۈر بولغىلى مېھمان كېلىڭ!

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

**غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت**

# شېئىرلار

## دېھقان قىزى

سەن ئەمەسسەن غايىب بولغان گۈزەل رىۋايەت،
سەندۇر بىزنىڭ ئىزدەۋاتقان رېئاللىقىمىز.
سەن ئەمەسسەن چاقناپ تۇرغان رەڭۋاز مۇھەببەت،
سەندۇر بىزنىڭ ئەڭ سەممىي پاك، ھىجرانىمىز.

ئوسما قويغان قاشلىرىڭدا مەڭگۈلۈك باھار،
ئۆلگىمىز بار ئېسىلىپ ئاھ، سۇمبۇل چېچىڭغا.
سەرگەردانىمىز كۆزۈڭدىكى قارا كېچىدە،
يولۇچىمىز كىرپىكلىرىڭ ئورمانلىقىدا.

توزان باسقان يۈزلىرىڭدىن ئىزدەيمىز ئايىنى،
لەۋلىرىڭگە ئۈنۈپ چىققان قىپقىزىل گۈللەر.

نىكاھىڭنىڭ يالقۇنىدا كۆيەر ئورمانلار،
قەدەم ئالساڭ ئەگىشىدۇ ساڭا چىمەنلەر.

تىترەپ كېتەر بەلكىم مۇڭلۇق ھاياجان بىلەن،
كەتمەن تۇتقان ھالىتىڭنى كۆرسە بۇ شەھەر.
توختاپ قالار ھەيرانلىقتىن رەڭدار تاكسىلار،
ئېچىلار ئاھ، ساڭا ئىشىك ۋە دېرىزىلەر ...

سەن چۈشىمىز، سەن روھىمىز، شېئىرىمىز ھەمدە،
ياشا بىزنىڭ قەلبىمىزدە — ئانا سەھرادا.
سەن ھەم بىزنىڭ ئىزدەۋاتقان رېئاللىقىمىز،
سۇلغۇن رەڭلەر ئەۋج ئالغان مۇشۇ زاماندا.

## سەھرادىكى ئەي ساددا قىزچاق

سەھرادىكى ئەي ساددا قىزچاق،
مەن شەھەردە كۈيلىدىم سېنى.
چۈشلىرىمگە كىرسەن ھەر كەچ،
تونۇمايسەن لېكىن سەن مېنى.
گۈگۈم چۈشكەن چاغدا زېمىنغا،
قارىساڭ سەن غەربىي ئۇپۇققا.
كۆرسەن ئاھ، چەكسىز ھەسرەتتە،
كۆيۈۋاتقان ئوتلۇق قەلبىمنى.

قارىساڭ سەن تۈندە ئاسماندا،
چاقناپ تۇرغان تەنھا يۇلتۇزغا.
كۆرسەن ئاھ، مېنىڭ سەن ئۈچۈن،
تۆكۈۋاتقان كۆز ياشلىرىمنى ...

كەلمە بىراق، ياشاۋەر ئۇندا،
تاغدىكى بىر ياۋا گۈل بولۇپ.
لېكىن شۇنى تىلەيمەن سەندىن،
مەن بارغۇچە كەتمىگىن قۇرۇپ.

## كەچكۈز

قاقاس بولۇپ قالدى تاغ - دالا،
ئۇچۇپ كەتتى قۇشلار يىراققا.
ئاڭلار ئورمان خازان كۈيىنى،
بەكمۇ ئېغىر سۈكۈنات ئارا.

كەلمەس خىلۋەت دەريا بويىدىن،
مۇھەببەتكە تولغان ناخشىلار.

گويا ئۇزاق يىغلايدىغاندەك،
ئۆكسەر كۆكتە ئاقۇش بۇلۇتلار.

بۇنداق چاغدا غېرىبلىق تىغى،
پاتار ئىكەن جانغا قەۋەتلا.
كەل، ئەزىزىم ناخشا ئېيتىپ بەر،
گۈزەل باھار توغرىلىق ماڭا.

## مەن يېتىپ كەلگۈچە ...

(ئانىجان سەھراغا بېغىشلايمەن)

مەن يېتىپ كەلگۈچە
باغلار خازان تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ،
ئېتىزلار سامان تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ.
قونۇۋېلىپ قىپيالىڭاچ تېرەكلەرگە،
قاغىلار ناخشىسىنى باشلىۋاپتۇ.

ئورۇق قويلارنىڭ مۆڭلۈق دۈئاسى،
قىرلاردىكى قۇرۇق يانتاق تۈۋىدە.
كۆمۈلۈپ قاپتۇ ئاپئاق قارلارغا،
زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە كونا تۈگمەنمۇ،
يېتىپ كېتىپتۇ ئېغىر ئۇيقۇغا.

بۇرۇتلىرى بېدە بولغان ئوغۇللار،
مەشرەپلەردە كۈيلەپ - كۈيلەپ،
غايىب بوپتۇ كېچە قوينىدا.
قىرىق كوكۈللىق مەسۇم قىزلارمۇ،
مۇڭداشقىلى ئاي بىلەن،
كېتىپ قاپتۇ بۇلاق بويىغا.

ئاقباش كوئىنلۇن،
خىيال سۈرگىنىچە كەنتكە قاراپ،
مۈزلاپ قاپتۇ تۇرغان يېرىدە.
ئوغلىدىن ئايرىلغان دەردمەن ئانىدەك،
يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ قەدىردان سەھرا،
مەن يېتىپ كەلگۈچە.

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

# ساڭا چىك باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن

سەن مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم — ئۆز ۋەتەن،
سەن مېنى باقتىڭ بېرىپ تۇز ھەمدە پەن،
سەندە تاپتىم كۈچ،ئەقىل، ئۈستۇم تېمەن،
ئەسلى مەھمۇد يۇرتىدىن بولسامۇ مەن،
ساڭا چىك باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

ئۆز كۆرۈپ، قىلدىڭ خېرىدارلىق ماڭا،
نە خېرىدار، بەلكى دوست - يارلىق ماڭا،
قالمىدى سەن بىرلە ھېچ ئارلىق ماڭا،
سەن ئاتا قىلدىڭ ئۈمىدۋارلىق ماڭا،
ساڭا چىك باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

ياقتى ئوت قەلبىمگە پىر - ئۇستاز پەدەر،
ئوتقۇزۇپ قولغا قەلەم دەپ: قۇچ زەپەر،
باشلىدىم پەرۋاز قىلىپ شانلىق سەپەر،
ئۈنتى سەندە كۆڭلۈم ساز شۇ قەدەر،
ساڭا چىك باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

سەندە گۈل ئاچتى ئۈمىد، غايەم مېنىڭ،
سەندە قۇت تاپتى گۈزەل لالەم مېنىڭ،
سەندە ئۆتكەن ھەر دېمىم ئايەم، مېنىڭ،
شۇ سەۋەب باغرىمدا كەڭ ئالەم مېنىڭ،
ساڭا چىك باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

سەن مېنىڭ يايلايدىغان كەڭ يايلىقىم،
سەندە ئۈستى قىيغىتىپ شوخ تايلىقىم،
سەن مېنىڭ خەجە - خىراجەت، ئايلىقىم،
سەن ھاياتىم، بارلىقىم ھەم بايلىقىم،
ساڭا چىك باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

چەكتى دىل خانەمگە گۈل نەققاشلىرىڭ،
ئاشىقى - شەيدا ھۈنەرگە ... ياشلىرىڭ،
چالسا ساز ھەر مۇترىبىڭ، ئاققاشلىرىڭ،
ئەيلىدى جەۋلان نەپىس رەققاسلىرىڭ،
ساڭا چىك باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

سەن گويا ئالەمدىكى ئالتۇن تاۋاق،
ھەر ئۆيۈڭ شاھانە ئوردا، زەرراۋاق،
تارىخىڭنىڭ ھەر بېتى شانلىق ساۋاق،
ئېھ، ئەجەپ ئادەملىرىڭنىڭ كۆڭلى ئاق،
ساڭا چىك باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

شۆھرىتىڭ ئالەمچە بار، ئۈستۈن بېشىڭ،
داڭقى داستان تا ئەزەلدىن قاشتېشىڭ،
بار يەنە ئەتلەس، گىلەم، مول دان- ئېشىڭ،
قالدۇرار ئالەمنى تاڭ ھەر بىر كىشىڭ،
ساڭا چىك باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

سەندە ئۆتكەن قاراقاش، شائىر نىياز،①
قالدى ئۇلار ئەجرىدىن مىڭلاپ باياز،
قوشقىنىڭ خەزىنەمگە سانسىز ھەمدە ساز،
پىرىكاملللەرگە كان سەن قىشۇ - ياز،
ساڭا چىك باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

مېۋىزار قوينۇڭ گۈزەل جەننەت مىسال،
باغلىرىڭدىن تۆكۈلەر شەربەت ۋە بال،
ياڭىقىڭ ئالەم ئارا تاپتى ۋىسال،
مۆجىزەڭنىڭ كۆپلىكى كۆپ قىلدى لال،

---

① قاراقاش — ئەخمەتشاھ قاراقاش، نىياز مولللانىيازنى كۆرسىتىدۇ

ساڭا چىڭ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

سەندىكى ھەر كۈن ماڭا ئۇتلۇق باھار،
سەندىكى دەريا - تاراملار — تال - ناھار،
سەندىكى چەكسىز ئېكىنزارلار — تاۋار،
سەن گويا خىسلەتكە باي ئالتۇن دىيار،
ساڭا چىڭ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

كوئىنلۇن نۇسرەت تىلەپ باقتى ساڭا،
ئابۇزەمزەم قىشۇ - ياز ئاقتى ساڭا،
شوخ يۇرۇڭقاش گۈل بېزەك تاقتى ساڭا،
ھۆر كېلەچەك باقتى، لەۋ ياقتى ساڭا.
ساڭا چىڭ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

سەن مېنىڭ دىلكەش ئانام، ئامراق ئانام،
سەندە بولدى يېتىلىپ ئەقلىم قىيام،
مەڭگۈ يازسام تەۋسىپىڭ بولماس تامام،
تاپ كامال، ئۆرلە ئېگىز، شان قۇچ داۋام!
ساڭا چىڭ باغلاندى دىل رىشتىم، خوتەن،
شوخلىنىپ يايرىدى سەندە جانۇ تەن.

تەھرىرى: **مەتسىلىم مەتقاسىم**

**مۇھەممەت كامال**

# مېھرلەر ئاقىدۇ دىللاردىن دىلغا

## ناۋاي

قومۇرۇلسا تونۇرۇڭدىن ئاي،
ئىشتىھالار ئۇچىدۇ پىر - پىر.
نىگاھلاردا قورشالغان دېھقان،
قىسسە سۆزلەپ كېلىدۇ بىر - بىر.

مېھمان چىللاپ ياڭراتقان ناخشاڭ،
بىر گۈزەل كۈي — گۈزەل كۈي گويا.
خېرىدارغا تۇتقان ئەقىدەڭ،
قەلبلەرگە چاچار نۇر - زىيا.

ئېھ، ئۇيياتچان ئاشۇ گىردەڭنى،
ھەيران بولما يۈرەككە سۈرسەم.
تاشقىنلايدۇ دىلدا ھاياجان،
يېمەك تۇگۈل ھەتتا بىر كۆرسەم.

قومۇرۇلساتونۇرۇڭدىن ئاي،
ئىشتىھالار ئۇچىدۇ پىر - پىر.
نىگاھلاردا قورشالغان دېھقان،
قىسسە سۆزلەپ كېلىدۇ بىر - بىر.

## سەھرا قىزى

ئېلىپ كېتەي دېسەم شەھەرگە،
جەننەتتىگە قىيامسەن جەزمەن؟
ئەگەشكەنچە كەينىڭدىن يىغلاپ،
ئۇماققىنە ئۇن ياشلىق سىڭلىڭ.
قىلسا ساڭا راسا پوپۇزا:
«كەتسەڭ چوقۇم دادامغا دېيمەن».

بېغىڭدىكى ئۇسسىلىق ئېتىز،
ئۆزىتىشقا چىقارمۇ بىزنى؟
ساڭا كۆيۈپ يۈرگەن يىگىتلەر،
يۇرۇتنى يۇلۇپ بىرمۇ بىر.
چىرايىغا بىرەرمۇ ئەگلىك؟
يۇتتۇرگەنگە سەندەك ئۆز قىزنى.

www.uyghurkitap.com



ئېغىلدىكى يۇۋاش قويلىرىڭ،
چۈشلىرىڭدە تاشلارمۇ مەرەپ؟
سەن چېچەكنى تارىغان ئېرىق،
قىرغاق بۇزۇپ كېتەرمۇ دەۋرەپ؟
ئۆتتۈلگەندە سەھراغا قەدرىڭ،
قالارمۇ - يە ئۇندا يەر تەۋرەپ؟

سەن قويۇڭغا ئوت - چۆپ ئالغان قىر،
ساڭا بۇتناپ، ماڭا تەگىشىپ،
ئوتلىرىنى يۇتتۇرەرمىكىن.
ھەممىدىن بەك يامان بولغىنى،
مېنى ئىشقىڭ كۆتۈرەرمىكىن،
كەتمەي قويساڭ ماڭا ئەگىشىپ.

قالسا ئورغاق ئەگەر مۇگسىراپ،
ھۆددە يېرىڭ قالارمۇ قېيداپ؟
يوق شەھەردە جىگدە يىلمى،
ئۇنۇتمىغىن ئېلىۋېلىشنى.
ئويۇلغىنى ھېچقانچە بىر ئىش،
جىگدىلەرنىڭ «كۆزى» ،ئال چىداپ.

شىپاھ تاپسا ئوتتا كۆيگەن تەن،
سەھراقىزى، سەھرانىڭ قىزى.
شىپاھ تاپماس ئىكەن ئىشقتا،
زەخىملەنگەن «جاراھەت» ئىزى.
سەن پەرۋاسىز يۈرگىنىڭ بىلەن،
يۈرىكىمدە سۆيگۈم يىلتىزى.

## جىگدە يىلمى

قىزلارنىڭ چېچىنى گۈللەتكەنمۇ سەن،
قوندۇزنى رەشكتىن كۆنلەتكەنمۇ سەن.
مەجنۇنتال باغرىنى داغلاپ كۆل قىلغان،
مۆرىمەس يىگىتنى ئۆنلەتكەنمۇ سەن.

چىقساڭمۇ «كۆرۈمسىز» جىگدىدىن ئېقىپ،
جاي ئالدىڭ باشلاردىن كۆكۈلگە يېقىپ.
كىسەكچى ئالتۇننىڭ قەدرىن نەبىلسۇن؟
مۇڭلانما «قىسقاچاچ» خېنىمغا ئېقىپ.

ئانامنىڭ، موماڭنىڭ ... گىرىمى ئۆزۈلۈك،
ئايالىم ھۆسنىنىڭ يېرىمى ئۆزۈلۈك.
سۇمبۇل چاچ ئۆسسىمۇ ئۆز ئەركى بىلەن،
پەرۋىشلەپ ئۆستۈرگەن تېرىمى ئۆزۈلۈك.

## دېھقان ناخشىسى

ھەرباھار پېشىل چۈش كۆرگەندە زېمىن،
قىزتىسا توي - مەشرەپ دالىدا تورغاي.
جۇر بولۇپ مەنمۇ تەڭ ئېيتىز - قىرلاردا،
ئىشلەيمەن تەر تۆكۈپ قىلچىلىك ھارماي.

ئەقىدەم چىگىلگەچ سەھراغا مەھكەم،
ئۇرغىيدۇ قەلبىمدە ئاڭا مۇھەببەت.
تۇرمۇشۇم غۇربەتتە ئۆتسىمۇ بىراق،
مەن بۇندا يەنىلا شاھزادە ئەبەت.

ئۆتسەممۇ بىر ئۆمۈر لەيلىسىز - جۇپسىز،
قىستىسا نامراتلىق تار چوققا — ھاڭغا.
يالتايماس چىن سۆيگۈم ئانا ماكاندىن،
سەھرادا تەلمۈرۈپ ئۆتمەن تاڭغا.

ئاتىدۇ سەھرادا تاڭمۇ ئۆزگىچە،
ئالمايمىز قۇياشنىڭ نۇرىنى پۇلغا.
ئىشلەيمىز ئۇن - تۈنسىز يەرگە دىل باغلاپ،
كىرسە دەپ كۆزىچە تۆت - بەش يۈز قولغا.

شۇنچىلىك زورۇقۇپ گاھىدا تېخى،
ئۇلاشماق بولىدۇ مۇشكىلات يىلغا.
ماڭا ئۇ، ئۇنىڭغا بىرسى يۆلەكچە،
مېھرلەر ئاقىدۇ دىللاردىن - دىلغا.

ئايرىلىپ بىخلانغان ئۇۋامدىن زىنھار،
يۇرمەيمەن ئۆزگىلەر يۇرتىدا يۈزۈر.
بىردۇ روھىمغا پەقەت تەسەللى،
مېھنىتىم تېرىدىن تۆكۈلگەن ھۆزۈر.

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

**تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم**

# خوتەن ھاسىلاتلىرى

(سىكىل)

## سالام خوتەن!

ساڭا ئاشنا - ساڭا تەشنا يۈرەكلەردىن،
ساڭا ئامەت - بەخت كۈتكەن تىلەكلەردىن.
ساڭا سەپەر قىلىش چىققاچ، بۆلەكلەردىن،
قولۇم كۆكسۈمدە بەردىم مىڭ سالام خوتەن!

ئۆزۈن يىللار بولۇپ ئاشىق جامالىڭغا،
كى تەلمۈرگەن كېچە - كۈندۈز جاۋابىڭغا.
بېرىپسەن بۇ دەقىق يۈرسەت تاۋابىڭغا،
تەشەككۈر ئىلكىدە مىڭ - مىڭ سالام خوتەن!...

## راسكوۋي

ئىسىم تولا جاھان دىگەندە،
تەكرار ئۇچرار بەزىسى ھەتتا.
بىراق «راسكوۋي» دىگەن ئىسمنى،
ئۇچرىتىپتۇ قىنى كىم قاچان—
خوتەندىنمۇ باشقا بىر يۇرتتا؟

ئۆزگىرىشلەر چەككە يەتكەندە،
«سەبرى» ئاتلىق ئۇكيان تولارمىش.
تولۇپ - تېشىپ كەتكەن چاغدا ئۇ،
غەرق بولۇپ راسكوۋيلار تامام—
قيامەتمۇ قايىم بولارمىش.

راسكوۋي بولۇپ دىگەچ بىرنى بىر،
خوتەنلىكلەر ئاتالغان جاھىل.
جاھىل ئەمەس سۇنئۇۋكۈك پەقەت،
بەلكىم شۇڭا تاپقاندۇر بازار—
ئۆزگەرگەچكە 72 خىل.

شۇڭا دوستلار راسكوۋيلەرگە بىز،
ئاپەت ئەمەس،ئامەت تىلەيلى.
(ئاپەت كەلسە بىزگىمۇ كېلەر)
ئامەت كەلسە پەخىرلىنىپ تەڭ—
سايىسىدا بىللە كۈلەيلى!

## توپا ۋە ۋاپا

كىرە - كىرمەي ئىلچى قويىنغا،
دېدى بىرسى: نېمانچە توپا؟
مەن دەيمەنكى — توپىدىن باشقا،
نېمە قىلدى بىز ئۇچۇن ۋاپا؟!

كۆز چاقناتقان رەڭلەر، سىر - ھەللەر،
كەلسە بىر كۈن ئۇچۇپ كەتتىغۇ.
قاپلىسىمۇ ئاسماننى بۇلۇت،
كەلسە بوران كۆچۈپ كەتتىغۇ!؟

ئامەتلەرمۇ قاچتى ھەم بىزدىن،
تىلسەكمۇ يىللاپ - ئەسىرلەپ.
قوغدىدى پەقەت ۋە پەقەت توپا،
بىر ھۆكۈمنى تەكرار دەللىلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



كېتەر ھەممە نەرسە دۇنيادىن،
پەقەت ئاشۇ تۇپا قالىدۇ.
شۇ مۇقەددەس مېھرىبان تۇپراق،
ھەممىنى ئۆزقوينىغا ئالىدۇ!

## خوتەن قىزلىرى

قاشتېشىدەك سۈزۈك ۋە سىلىق،
ناز - كەرەشمە تەندە لىقمۇ - لىق.
مېڭىشلىرى سۇدىكى بېلىق،
مېھرى ئاتەش خوتەن قىزلىرى.

تىنىقىدىن ئىپار پۇرايدۇ،
ئاھۇ كۆزى كۈلۈپ قارايدۇ.
مەشۇقلۇققا سۆزسىز يارايدۇ،
قىلماس دىلغەش خوتەن قىزلىرى.

سورساڭلا ئىسمى گۈل ئايىم،
خاراكتېرى نازۇك، مۇلايىم.
نېسىپ قىلسا قادىر خۇدايىم،
بولار دىلغەش خوتەن قىزلىرى.

## خەير - خوش خوتەن!

ئۆتتى تۈت كۈن تۈت مىنۇتتەك تۇيۇلۇپ،
ملىك كۆرۈپ ئەسلا خوتەنگە قانمىدىم.
نەۋ بىتىدەك زاتى پاكلار نەسلى خاكى بار،
شۇ مۇقەددەس گۈل ۋەتەنگە قانمىدىم.

نە ئامال، نە چارە ئەندى خوش خوتەن!
مەن غېرىپ بوپ سەن سەنەمگە قانمىدىم.
ماگما ئىشقىڭ ئالدىدا قەلبىم لاۋا،
كى ئاڭا داۋا زەمزەمگە قانمىدىم.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئالىم ھاشىم

## «يوتكەن قىز»

كۈۋرۈكۈكە قەرزدار كۆڭلۈم،
ئۇزاپ كەتتى بوسۇغاڭ تامان.
ئىزھارىمدىن جان ئۈزدى نازىك،
سەن تۇتقۇزدۇڭ ئەركىڭنى تامام ...

ئارىمىزدا سىقىلغان ھاۋا،
قېچىپ كەتتى ئاڭا تارتىنىپ.
كېتىپ قالدى ئەقىللىق شامال،
يىراقلارغا (تامدىن ئارتىلىپ ...)

ھەپتە ئۆتمەي، سىلكىپ قولىڭنى،
كىرىپ كەتتىڭ نەپرەت قوينىغا.
سۆيگۈمىزگە چاڭ ساپتۇ رەشىك،
پورەكلەپتۇ بۇندا شۇمبۇيا.

بولدۇڭ شۇندىن نامەلۇم دىلبەر،
شامالىلاردىن يوتتى پۇرىقىڭ.
قايسى يوقلۇق ئالەمدە سەن؟
(دېرىكىڭنى قىلاي مەن سېنىڭ)

كۆز كەلمەيلا گۈللەر قۇرۇپتۇ،
يازدا بۇلبۇل قاپتۇ دۇگدىيىپ.
تۇنۇشىڭنى يوتتۇرۇپ كۆڭلۈم،
گۇگۇملەردە يۈرەر مۇدۇرۇپ ...

خازانلاردا ئىزلىرىم سەرسان،
تىنىقىمغا گۈللەر ھىدى يات.
سۆيۈلۈشكە تەشنا يۈرىكىم،
ۋىسال ئۈچۈن ئۇردىۇ پەرياد ...

مەن يۈرىمەن ھەسرەتنى قوغلاپ،
شامال كىزەر دالىنى غەمكىن.
كۈن پېتىشقا يۈگۈرەر قۇياش،
(ھەممە شۇنداق ئالدىراشمىكىن ...)

روھىمدىكى ئەي مەۋھۇم ساياق،
سەن يۈرسەن قايدا سەرگەردان؟
سېنى ئىزدەپ تىشلىدى پۇتۇم،
يوللىرىمنى قاپلىدى مانان ...

چۈشلىرىمنى ھاردىم ھاپاش قىپ،
ۋىسال خانەم مۇزلىدى نەۋاخ؟!
ئەقىدەمگە قىلدى خىيانەت،
ئۇمىد ئاتلىق نامەلۇم سايىق.

ئۆتمۈشتىكى رەڭدار چۈشلەرنى،
يالماپ كەتتى زالىم ياتىسراش،
(سۇزىتىڭنى قويدۇم كۆمتۈرۈپ)،
خاراپ ئەتتى مېنى ھىدىرقاش ...

سېنى چارلاپ يىرتىلدى كۆزۈم،
ئۇمىد كۈلبەم قالدى لەپەڭلەپ.
مەۋھۇم سەندىن قەلەندەر كۆڭلۈم،
يۈرمەس بولدى مۇھەببەت تىلەپ ...

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

**ئابدۇخەبەر تاھىر**

# ئىككى شېئىر

## رەقەمنامە

سەن ئۇچۇن مەن، مەن ئۇچۇن سەن، ھەممىمىزگە بىرگە ـ بىر،
بىر تۇغۇم ھەم بىر ئۆلۈم باركى ھاياتتا — ئىككى قىر.
ئۈچ دېگەن ئۇ بىتەرەپتە، مېھرى ـ شەپقەت تىلىمە،
تۆت «پەسىل» نى قايغۇ، شادلىق بىل، بەخت ـ دەپ جەڭگە كىر.
گاھ باھار قىل، گاھ زېمىستان بەش ئۆزۈڭنىڭ ئالمى،
ئالتە ـ سىرتماق، ياساﻻرسەن ياچۇشەرسەن ـ بۇ، سېھىر.
بۇرۇلۇشتۇر ـ يەتتە، يولنى مەيلى رۇسلا، مەيلى ئاز،
سەككىزى ـ روھ، بەلنى مەھكەم باغلىغان چىن ئوي ـ پىكىر.
كەلدى توققۇز: «تەقدىرىڭ ئىلكىڭدە» ـ دەپ، بويۇن قىسىپ،
ئون ـ پۈتۈنلۈكنىڭ سىماسى، كەل بۇنىڭغا چۈش، بۇ ـ گىر.

## پۇل تېپىپ

نەچچىلەر ئۆتتى جاھاندا يول تېپىپ،
يول بىلەن كۆپلەپ ـ تۈمەنلەپ پۇل تېپىپ.
ئازدۇرۇپ كەتتى بىراق، كۆپلەرنى پۇل ـ
ئاۋۇغاندا ئەقلىنى بىقۇل تېپىپ.
بەزىلەر باقتى ـ دېدى، ئامەت ماڭا،
پۇل بىلەن ساددا، سەبىنى گۇل تېپىپ.
بەزىلەر شەھۋەتكە ئاتتى ئۆزىنى،
ئۆي بۇزۇپ، جۇپلەرنى ئاخىر تۇل تېپىپ.
بەزىلەر، مېھنەتكە كۆز يۇماق بىلەن،
تومىلىدى ياننى، بوزەكنى قۇل تېپىپ.
بەزىلەر «ئاق» قا بېرىلدى، بىئەجەل،
گۇم ـ ھاﻻك بولماقنى ئۇ مەقبۇل تېپىپ.
پۇل تېپىپ كۆپلەر ھاﻻل ئەجرى بىلەن،
خەجلىدى دەل خاسىيەتلىك گۇل تېپىپ.
سالدى مەكتەپ، سالدى كۆۋرۈك، ئەل ئۇچۇن...
ئۆتتى ئەلنىڭ ھۆرمىتىنى مول تېپىپ.
ئەبەدى ياشنايدۇ ئەلنىڭ قەلبىدە،
خەجلىسە كىم جايىغا، ھەق پۇل تېپىپ.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مەتقۇربان مەتروزى




مۇرات، كىچىككىنە يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرغان كامىر دېرىزىسىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، گويا ھاياتتىن بەزگەن ئادەمدەك بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كامىرنىڭ مۇزدەك بېتون تېمىغا دۈمبىسىنى چاپلىدى.

— ئۇھ! — ئۇ، ئېغىر بىر خۇرسىنىش بىلەن يۆتىلىپ كەتتى. كۆلرەڭ مەھبۇس كىيىمىنىڭ پىشنى قىمدىۋالدى. پۇتىغا كىيىۋالغان ئەبجەش بېتىنكىسىنىڭ چىگە بوغۇچى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ ئاستا سىرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

بۇ خىل ھالەت تالاي كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭغا ھەمراھ، چىرايى سارغىيىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ، بۇرۇن تۈشۈكلىرى يوغىناپ كەتتى. ئېغىر روھىي ئازاب ۋە ئۈۋالچىلىق ئۇنى نېرۋىسىدىن كەتكۈزەي دەپلا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە ھەپتىدىن بۇيان تۇرمە ساقچىلىرىنىڭ ئەسەبىلىكى تۇتۇپ، مۇئامىلىدە كىشى شۈركۈنگۈدەك قوپاللىشىپ كەتتى.

نويابىرنىڭ سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامىلى قاراڭغۇ تۈندە ھوۋلىماقتا. ئەسەبىلەرچە قۇترىماقتا. ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ ئۇنىڭدەك بىر ئىستىدات ئىگىسىنى كامىرغا بەنت قىلىپ قويۇشى، ئادەمنى ھاياتتىن گۇمانلاندۇراتتى. كامىر ئىچى قوپقۇرۇق ھەم تار بولۇپ، كىشىنى بىئارام قىلاتتى. دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان كىچىككىنە يورۇقلۇق كۈننىڭ پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. مۇرات ئاستا كۆزىنى يۇمدى. ئېغىر يۈك بولۇپ يەلكىسىنى بېسىۋاتقان بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىپتىخار ھەم ئازاب، جەننەت ھەم دوزاخ ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلغانلىقى بىر گۇناھ،

لېكىن ئۆزىنى بۇ يولغا باشلاپ كىرگەن ئادەملەرمۇ جاۋابكارمىدۇ؟ بەلكىم بۇ بەختسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك ئۇ ئاپىردە بولغان كۈندىلا باشلانغاندۇ...

ئۇ خىياللاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. پۈتۈن ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ هازىرلا تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا كامىر بۇلۇڭىغا كەلدى. ئۇ، ئىسپاشتۇرۇپ يەردە چېچىلىپ ياتقان كۆمۈرلەرنى يىغىشقا باشلىدى. كامىر ئىچى سوۋۇپ مۇز چاقنىماقتا ئىدى. ئۇ، بۇ يەردىكى بىردىنبىر ئىسسىقلىق ئاتا قىلغۇچى كونا چۆيۈن مەشنىڭ ئالدىغا كېلىپ، چاپىنىنىڭ پېشىدىكى كۆمۈرنى ئۆچەي دەپ قالغان چوغ ئۈستىگە تۆكتى.

كامىر ئىچى سۈكۈتكە تولغان، قوشنا كامىرلاردىكى تىللاشقان قوپال ئاۋازلار ۋە كامىر ئىشىكلىرىنىڭ جالاقشىغان ئاۋازى ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كامىرغا بارغانچە قاراڭغۇلۇق چۈشۈپ، ئەتراپنى ئىلغا قىلغىلى بولماي قالدى. مۇرات يەككە - يىگانەهالدا سۈس ئوت يېنىپ تۇرغان مەشنىڭ يېنىدا يالغۇز تۇرۇپ، ئۆز تەقدىرىگە ئازاب بىلەن تىكىلمەكتە ئىدى. تەقدىردىن ئاغرىنىش ئۇنى هاياتقا بولغان ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قىلغان ئىدى. ئېگىز پېشانىسىدىن ئارقىسىغا قارىتىپ تارالغان يۇمشاق قوڭۇر چاچلىرى ئاستىدىكى كۆك تومۇرلار كۆپۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئېگىز ئەگمەچ تاتىراڭغۇ قاڭشىرى ئۈستىدىكى قوشما قاشلىرى چېچەندىمۇ قويۇق ئىدى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قىزارغان كۆزلىرىدىن پىغان، ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇزۇن ۋاقىت تۇزۇكرەك ئاپتاپ كۆرمەي، ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىنىڭ گۆشلىرى بوششىپ، سەل ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. ياق! ئۇ مەغلۇپ بولدى. ھەممە ئارزۇ ھەۋەسلىرى بەربات بولدى! ھەققانىيەت ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا كەلگەندە ئۇنداق بولمىدى. ئۇ، زوڭزىيىپ مەشتىكى كۆمۈرنى چوخچىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ياشلىقى، گۈزەل ئارزۇ - ئارمىنىمۇ مەشتىكى كۆمۈردەك تولا چوخچۇلىنىپ كۆيۈپ تۈگىگەن ئىدى. مەشنىڭ يوچۇقلىرىدىن يانغان سۈس نۇرتالالىرى تامدا ئەكس ئېتەتتى.

«مەكتەپتە قىلىشقىنى تەۋسىيە قىلىمەن» دېگەن ئىدى ئىنستىتۇت مۇدىرى مۇشۇنداق نۇر تالالىرى چاقناپ تۇرغان ئۇزىتىش كېچىلىكىدە، ئۇنىڭ بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى هازىرمۇ ئېنىق ئېسىدە. يالغۇز ئاپىسى، مەدەنىيەت جەمئەتتە بەكمۇ ئارقىدا قالغان يېزىسى ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتقان. هازىرغىچە ساۋاتسىز قىلىۋاتقان تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرغان.

— ئاھ! ئۇ، بوشقىنە ئىڭرىۋەتتى، — بولدى تامام بۇ بىر مەغلۇبىيەت، نەتىجە چىقمايدىغان بىھۇدە ئۇرۇنۇش، هالاكەت، خاتا تاللىغان يول، خاتا بېسىلغان قەدەم.

مۇراتنىڭ ئەتىۋارى بولغان چاغلىرىمۇ بولغان، ئەمدى ئۇ چاغلار ھەرگىز كەلمەيدۇ. ئۇنداق چاغلارغا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. بەزىدە ئۇ كېچىلىرى هاياجانلىنىپ مۇشۇنداق بىر شاپائەتكە قايتا بىر نائىل بولالىسام دەپ ئويلايتتى. شۇنداق دەقىقىلەردە ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى يالقۇن كەبى لاۋۇلدايتتى. لېكىن شۇنداق بىر كېچە ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلەيتتى. ھەپتىلەپ پىغان چېكىپ پۇشايمان قىلاتتى. ئۆزىنىڭ بەكلا ساددا ئىكەنلىكىدىن ئازابلىناتتى. ئۇنىڭغا هاردۇق يەتكەن ئىدى. يېشى ئەمدىلا 35 كە ئۇلاشقان بولسىمۇ، ئۆمرى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتتى. ئىشەنچ ئۇنىڭ ھەسرەتلىك قەلبىنى يورۇتقۇچى چولپان ئىدى. ئىشنىڭ ھەقىقىتى شۇنداق، مانا بۇ جۇدالىق ھەقىقىتى، ئۇ بەخت ۋە سىناق، ئازاب ۋە خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزدۈم دەپ ھېسابلىغان كۈنلەر ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا تۈگىمەس دىشۋارچىلىق ۋە پۇشايمان بەرگەن كۈنلەر ئىدى.

ئەمدىچۇ؟ كىچىككىنە بەختكە ئېرىشكەن توسۇن ئاتتەك تەلۋىلىك بىلەن چاپچىپ تۇرۇشتىن يۇۋاشلاپ، قېنىغا چۈشۈپ تەقدىرگە باش ئەگدى. ئۇنىڭغا ئەمدى مەغلۇبىيەتتىن باشقا نەرسە قالمىدى. ئۇ، ئېغىر خورسىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن بىردىنلا نېرى كەتتى. بايىقى خىياللار شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ئۇ خىياللار پەيدا بولغان جايدىن يىراق كېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ كامىر بۇلۇڭىغا قويۇلغان كارۋاتتا بېشىنى قامالىغىنىچە نۇرسىز كۆزىنى پولغا تىكىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. لېكىن بۇ بىر رىئاللىق، مەڭگۈ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان رىئاللىق ئىدى.

«ھەققانىيەت»، مۇرات بۇ سۆزنى ئويلاش بىلەن ئاچچىق كۈلۈپ، نۇرسىز كۆزىنى مەشكە تىكتى. ئوت تېخىچە سۈس شولا تارتىپ بەكمۇ ئاستا كۆيۈۋاتاتتى. كامىر دېرىزىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان كىچىككىنە يورۇقلۇقمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالغان، ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمگەن ئىدى.

«ۋىجدان»، ئۇنىڭ ۋىجدانى قاتتىق چوقان سالماقتا! ئۇ گۇناھكار ئۆتكەن شۇ كۈنلەردەئۆزىگە ئۆزى قىلدى. ئۇنىڭ يادىغا بىردىنلا دارازا يېزا باشلىقى كەلدى. ئۇنىڭمۇ ۋىجدانى بارمىدۇ؟ ئۇ ئۇزۇن ئويلىنىپمۇ بۇنىڭغا جاۋاب تاپالمىدى. جاۋاب تاپقاندا بولسا قوشما قاشلىرى تۈرۈلۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى، — ئەبلەخ! ھەممىسى ئەبلەخلەر! ۋىجداننى مىتە يەپ كەتكەنلەر! ...

«ئازاب»، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بۈيۈك ئىستەكلىرىنى غاجىلىماقتا. ئۇ يۈكۈلۈپ قوللىرىنى قۇلىشتۇرۇۋالدى. كۆزى ئوت بولۇپ ياناتتى. ئۇنى بىچارە دېگىلى بولمايتتى. بىچارە دېيىشكە توغرا كەلسە يېزىدىكى غورۇرىنى يوقاتقان ئاقىنانچى كەسىپداشلىرىنى، يۈت تىققۇدەك ئورۇن بېرەلمىگەن ئاشۇ سۆيۈملۈك يېزىنى دېسە بولاتتى. ئازابىنىڭ سەۋەبىنى كامىرنىڭ ھاۋاسىغا، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قالغانلىقىغا دۆڭگەپ قويۇش يارىمايدۇ. بۇ جەمئىيەتتە رەزىللىك بىلەن ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئوخشاشلا ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقى مۇقەررەر.

مۇرات ئورنىدىن تۇرۇپ مەشتىكى كۆمۈرنى چوخچىلىدى، ئوت تېخىچە سۈس يالقۇن چىقىرىپ كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشى بىلەن يۆتىلىپ كۆزىدىن ياش چىكەتتى. دېمى كېسىلىپ جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھايات بەرگەن بۇ سوۋغىنى ئۆزى خالاپ قوبۇل قىلغان، ئالدامچىلىق ۋە تەلۋىلىك، ئازاب ھەم ئىشەنچنى ھايات سىناقلىرىدا تۇرغۇزغان. ئۇ كۆزىدىكى ياشنى يىرىك ئالقانلىرى بىلەن سۈرتىۋېتىپ، ئوت يالقۇنىغا ئەلەڭشىپ قارىدى. سىرتتا سوغۇق شامال تېخىچە ئۇشتەك چالاتتى. ئۇنىڭ سوغۇقتىن تىنى قورۇلۇپ مەشكە ئېڭىشتى.

يوقسۇللۇق، ئاستا - ئاستا كۆپۈككە ئايلىنىۋاتقان، ئارزۇ - ئىستەكى ئۇنى ئۆلۈمگە، ناھەقچىلىق ۋە نادانلىق ئۇنى قىساسقا باشلاۋاتاتتى. بوغۇزى ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، چىشلىرى كىرىشىۋاتاتتى. رەزىللىك، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ھايۋانى قىلىق ئۇنى ئادەملەر توپىدىن شاللىۋەتكەن. ئازاب - ئوقۇبەت، ۋىجدانىي سوراقلار ئۇنىڭ ھالىنى قويمىغان، نېمە ئۈچۈن؟! ... تالايلىغان نېمە ئۈچۈنلەر كاللىسىنى ئۇچاق قىلىۋەتكەن، ئۇنىڭ يۈرىكىسى، بار ئاۋازى بىلەن تۇۋلاپ ئۆزىنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ھەقىقىي جىنايەتكارنى سوراق سەھنىسىگە ئېلىپ چىققۇسى كېلەتتى. لېكىن كىمنى ئېلىپ چىقىدۇ؟ قايسىنى ئېلىپ چىقىدۇ؟ ئۇنىڭ كېيىنكە بۇرۇنمۇ ھېچكىم ئىشەنمىگەن، ئەمدى كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ بۇ بىر مەسىلە ئىدى.

سوغۇق بارغانسېرى كۈچىيىپ كامىر دېرىزىسىگە ئۇرۇلماقتا. ئوت بىر خىل رېتىمدا ئاستا، تولىمۇ ئاستا كۆيمەكتە. ئۇ ئازابقا، مەغلۇبىيەتكە شۇ قەدەر ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىشەندىكى، ئازابنى ھەرگىزمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت دەپ ئويلايتتى. ئۇ، ئوت يالقۇنىغا نەزەر تاشلاپ قوللىرىنى يەنە قۇۋۇشتۇرۇپ مەيدىسىگە چىڭ بېسىۋالدى.

× × ×

بىرەر ئىش بولسا قىلامسىز؟ بېشىغا تۇۋتى ئاقلىنىپ كەتكەن توماق، ئۇچىسىغا پاختىلىق نىمچە كىيىۋالغان بىرسى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى.

ئۇ ياشىمسا بولمايتتى. ھازىر ئەپسانىگە ئىلگىرى رېئاللىق بولغان كۈننىڭ سېرىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىك قېلىش كېرەك ئىدى.

قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. ئۇ شۇ تۇرۇقىدا بىر دۆۋە قارغا ئازاب ۋە پۇشايماندا يۇغۇرۇلغان مۇمياغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇ ھەرىكەتكە كەلدى. ھېلىقى ناتونۇشنىڭ كەينىگە سۆزسىز ئەگەشتى، - ئۇ كۆزىنى ئۈستى بېشىغا بىر يۈگۈرتكەندىن كېيىن كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئاق كۈچۈك، ئاق كۈچۈك، ئىنىستىتۇتنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان ئاق كۈچۈك بوپتىمەن، ھا ... ھا ... ھا ... ھى ... ھى، - ئۇنىڭ كۈلكىسىنىڭ داۋامى يىغىغا ئالماشتى. ھېلىقى ناتونۇش بىر خىل رېتىمدا كېتىپ باراتتى. قار تېخىمۇ كۈچىيىپ ئادەمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئىنىستىتۇتتىكى ۋاقتىدا ئېلىپ كىرگەن پادىچىلار شىمىنىڭ پۇشقىقى قەدەم ئېلىشقا ماسلىشىپ شالاپشىيتتى.

— ئاناڭنى، ئادەمنىڭ كەينىنى ئۇچۇرۇپ، ئۇ چاترىقىنى سەل كېرىپ مېڭىشقا باشلىدى. تىزى ھەم ساغرا قىسمىنىڭ يىپى تارىلىپ كىيگۈچىلىكى قالمىغان بۇ شىمنى قاچاندىن باشلاپ سالماي كىيىۋاتقىنى ئۇنىڭ يادىدا.

ئاق لالە، ئۇ ئۇنى «ئاق لالە» دەپ ئاتايتتى، دېمىسىمۇ ئۇ ئاق لالىگىلا ئوخشايتتى. زىلۋا بەدەن، سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنى دائىم ئاق كوپتا بىلەن يوشۇرۇپ يۈرىدىغان بۇ قىزنى، ئۇ ئاق لالە دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئىنىستىتۇتنىڭ چاغلار ئىدى.

— نەچچە يىلدىن بېرى سىزگە باغلىنىپ يۈرۈۋاتىمەن ... سىز مېنىڭ ، يۈرۈكۈم سىزنى دەپلا سوقىدۇ ، — دېدى ئاق لالە ئۈلاپلا. ئۇ ئويلىنىپ قالدى. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى كۆرۈش مۇناسىۋىتى ئىچىدە ئۆزىنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ چاندۇرمىغان بىلەن، مۇراتمۇ ئۇنىڭغا ئاز - تولا ئىش - پەش تارتىپ قالغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يۈردى. يۈرگەندىمۇ ئەڭ پاك، سەممىي مۇھەببەت بىلەن يۈرگەن ئىدى. ئۇلار ئايرىلىشىپ يۈرگەن ۋاقىتتا، بۇ شىمنى ئاق لالە ئۇنىڭغا تاللىشىپ بەرگەن ئىدى.

قار بىر خىل رېتىمدا يېغىۋاتاتتى. ئۇ گويا جاھاندىكى ئىشلارنى كۆرمەي يۈرمەي دېگەندەك، ئەتۇر تاشلىق جۇۋىسىنىڭ ياقىسىغا بېشىنى تېخىمۇ چىڭ ئورىدى. كۈچلۈك شۇۋىرغان ئۇنىڭ كەڭ يەلكىسىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئېلىنماي قالغان ساقال - بۇرۇتلىرى قار بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى قار بوۋايغا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى.

«ئاشۇنداق چاغلارمۇ بولغان - ھە، — گويا چۈشتەك! مەن تېخى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئىدىم. ماڭا كۆز سالغان قىزلار، مەن كۆز سالىدىغان قىزلاردىنمۇ كۆپ ئىدى. مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىمۇ مېنىڭ باشچىلىقىمدا چىقىرىلاتتى»، ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تۇيۇقسىز قاردا دەلدۈگىنىپ، ھېلىقى ناتونۇشقا سوقۇلۇپ توختىدى.

— ھە، كەلدۇق ئاداش، — مۇرات خىيالدىن ئۆزىنى توختىتىپ ئەتراپقا قارىدى. پاكار - پاكار سوقما تام بىلەن قورشالغان كىچىككىنە بىر نەچچە ئېغىز ئۆي، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قارغا ئۇرۇلۇپ غېرىبسىنىپ ياتاتتى.

— ئۇن كوي بېرىمەن، — دېدى ھېلىقى ناتونۇش بىر دۆۋە لاقا - لۇقىلارنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ، — ئۆي كۆچمەكچىمەن.

ئۇنىڭ ئىپادىسىز كۆزى ناتونۇشقا تىكىلدى. — ئاجايىپ كىشىلەردە - بۇ. تاڭ - تاڭ سوغۇقتا ئۆي كۆچۈپ بېشى ئېلىشىپ قالغانمىدۇ ... ؟

قار بارغانچە ئەدەپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىگە ئۇرۇلماقتا. يول ئادەم ئايىغى تەگمىگەندەك تەكشىلىكتە ياتماقتا.

ئۇ، ئىككى تاغار جابدۇق — سايمانلارنى ئارغامچىغا تېڭىپ يۈدكىنىچە، سەنتۈرۈلۈپ تولىمۇ ئاستا قەدەم ئالماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر قەدەم ئالغاندىكى قارنىڭ غىچىرلىشى، ئۇنىڭ ھايات يولىدىكى تالايلىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئوخشايتتى.

— چىداش كېرەك، ھەممىگە چىداش كېرەك. — مۇراتنىڭ كۆز چانىقىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياش مەڭزىدىلا مۇز بولۇپ قاتتى. قەلبىدىكى ئۈمىدسىزلىك غەليان كۆتۈردى. يۈرىكى پارتلاپ كېتىدىغاندەك گۈپۈلدەپ، كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى. يۈرىكىنى سويلاۋاتقان يىغا بوغۇزىدا توختىدى.

ئادەم دېگەندە بىرەر كۈن، بىرەر سائەتمۇ ئازاب بولمىسا قانداق بولغىنى؟ ئاشۇ مەجبۇرىيەت، ئاشۇ تەلەپ، ئاشۇ نەتىجە، شىكايەت ۋە موھتاجلىققا ئۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەي، ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىق كېرەك. بۇنىڭ ئىنساننى ئۇلۇغلۇققا باشلايدىغان يول ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا ھەددىم نېمە؟ ئۇ ئۆزىگە ئەنە شۇنداق تېگى يوق سوئاللارنى قويۇپ، كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇراتتى. شۇۋىرغان ئەدىمەكتە. ھاياتتىكى بارلىق جەبرى - زۇلۇملارنى يۈرىكىگە مۇجەسسەم قىلغان گەۋدە ئېغىر مۇشەققەت تۈپەيلى پۈكۈلمەكتە. ياشاش كېرەك. ئۇ ئۆزىنى يوقاتقان ۋە بار بولۇشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىنسانىي ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك.

ھايات ئۇنى ئالدىدى. ئۇ ياشاش يولىدا بىر - بىرىنى دەسسىشىپ، ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي چېپىشىۋاتقان مەنپەتپەرۋەرلەرنىڭ قۇربانى بولدى. «بەلكىم ئۇ خوتۇن ئۇۋالچىلىق بەدىلىگە كەلگەن راھەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندۇ ياكى دارازا يېزا باشلىقى بىلەن ئولتۇرۇشلاردا ياكى ماشىنىدا پەيزى قىلىۋاتقاندۇ» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ غەزەپتىن دىر - دىر تىترىدى.

— ھۇ، نومۇسىنى ئىت يەپ كەتكەنلەر، ھەر ئىككىسىنىڭ بېشى بىر يېپقا باغلانغاندۇ ئاخىر. — ئۇ، يۆتىلىپ خىيالدىن توختىدى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى، ئۇنى قاتتىق روھىي ئازاپ ئىسكەنجىگە ئالغان ئىدى. ھېلىقى يىلى نويابىردا تېپىۋالغان ئۆپكە ياللۇغى ئۇنى قىيناپ، ھالىدىن كەتكۈزىۋاتاتتى. شۇ چاغدىمۇ قاتتىق شۇۋىرغان بولغان ئىدى. ئەتراپنى تامامەن قارقاپلىغان، كوچىدا ئۆزى بىلەن ھېلىقى ناتونۇشتىن باشقا ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيتتى. «ناھىيە» دېگەن بىلەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناھىيىنىڭ خىلۋەت كوچىلىرىدىكى كۆن شۇ ئىدى. يامغۇر ياكى قار ياغسا، ئۆيلىرىدىكى تامغا چاپلاپ ياسىۋالغان تام مەش ئەتراپىدا بىغىنىنىڭ توختاپ، ھاۋانىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈشەتتى. ھاۋا ئېچىلغاندىلا ئاندىن ئۆيلىرىدىن بىر - ئىككىدىن چىقىشىپ، ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشاتتى.

ئۇ، ئېغىر پۇشۇلداپ قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ كېتىپ باراتتى. ئۇنى ھالسىزلاندۇرغىنى كۆتۈرۈۋالغان لاقا - لۇققىلار ئەمەس، نەچچە يىلدىن بېرى، بويا قىلىپ يۈدىۋالغان ئاچچىق كەچمىش ۋە ئېغىر روھىي ئازاب ئىدى. ئۇلار تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى پاكارغىنە بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— مۇشۇ ئۆي، - ھېلىقى ناتونۇش شۇنداق دەپلا ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىردى.

— توختا ئاغىنە، ئوچاققا ئوت قالاي. ئىسسىنىۋال، - ناتونۇش قارىداپ كەتكەن مورىلىق ئوچاققا ئوت يېقىشقا تۇتۇندى. مۇرات پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا مەيدىسىنى قاقلىدى. توڭلاپ ئۈيۈشۈپ كەتكەن بارماق سۆڭەكلىرى ئىسسىق ئۆتۈشى بىلەن زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ زوڭزىيىپ مورىغا يۆلەنگىنىچە، ساپسېرىق ئوت يالقۇنىغا تىكىلدى. ساقال - بۇرۇتىدىكى قار ئاستا - ئاستا ئېرىپ ئىگىكىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

«ئوت»، كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى مۇشۇنداق ئوچاق ئالدىدا ئۇنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇپ چۆچەك ئېيتىپ بېرىدىغان. ئۇ تەلپىكىنىڭ ئىچى بىلەن يۈز - كۆزىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ئوتقا تېخىمۇ ئېگىشتى. ئاچچىق ئەلەملەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. يۈرىكىدىكى غەزەپ ئوتى بارغانچە لاۋۇلدىدى.

«ئانامنى، ھۇ دەيۈزلەر» - ئۇنىڭ ئوتقا مىختەك قادالغان كۆزىدىن سىرغىغان ئىككى تامچە ياش ئەمدىلا قورۇشقا باشلىغان مەڭزىدە توختىدى. سىرتتا تېخىچە سوغۇق شامال ھۇشقۇرتماقتا. ئوچاقتىكى ئوت ئۆچەي دەپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ توڭلىدى. پۇت قوللىرى ئۈيۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. مۇرات ئوت كولىغۇچنى ئېلىپ ئوتنى ئۇلغايتىۋەتكەندىن كېيىن ئوچاقنىڭ يان تېمىغا يۆلەندى. تومۇردىكى قان بارا - بارا قىزىپ، ئاچچىق ئەلەملەر مېڭىسىگە تەپتى. ئىنسانىي تۇيغۇسى بۇ ئەلەملەرنى سىغدۇرالماي ئىسيان كۆتۈرمەكتە. ئۇ بۇ ئىسيانلارنىڭ

دەردىنى ئاشۇ ئىلاھلاردىن ئالدۇ. چۈنكى ئۇنى ئاشۇ ئىلاھلارنىڭ ئۆزى گۇناھقا كۈشكۈرتۈپ جازالىماقتا. ئۇنىڭ ئەمدى ئەقىل ئىزدەشكە، ئىنچىكە ئويلىنىشقا مادارى قالمىدى. قىلىش كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. دېيىش كېرەكلىك بولغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى دېدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە پەقەت ئادەم يۈرىكىنى سۇ قىلىدىغان ئاچچىق كەچمىشلا قالدى.

— ھە ئاداش، چاي ئىچ.

ئۇزاق كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭغا بىرەر كىم چاي سۇنۇپ باقمىغان، ئۆزىمۇ سوغۇق كىرگەندىن بېرى تۈزۈكرەك ئىسسىق چاي ئىچىپ باقمىغان ئىدى.

ئۇ ئالدىراش پىيالىنى ئېلىپ، چاينى سۇمۇرۇشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يىغىلغان ئاچچىق ئەلەملەر ئاستا - ئاستا تارقاپ، ئۆزىنى ئازادىلىككە ئېرىشىپ قالغاندەك سەزمەكتە ئىدى.

— قەيەردىن كېلىشىڭلا ئاداش، —ھېلىقى ناتونۇش ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاچ گەپ باشلىدى. ئۇنىڭ پىيالىنى ئېغىزىغا ئاپارغان قولى ھاۋادىلا توختاپ قالدى. چىرايىنى مەيۈسلۈك قاپلاپ ئۇلۇغ كىچىك تىندى. ئىستاكاننى قامالىۋالغان قولى ئوچاق تېمىغا قاتتىق ئۇرۇلدى.

— تۈرمىدىن... — ئۇ بۇ سۆزنى بەكمۇ تەس، بەكمۇ ئەلەم بىلەن ئېيتتى.

— تۈرمىدىن! — ھېلىقى ناتونۇش ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— قېچىپ چىقىشىڭلىمۇ ياكى ...

«قېچىش»، ئۇ تۈرمىدىن تالاي قېتىم قېچىشنى ئويلىغان، قاچسا نەگە بارىدۇ. كىمنىڭ قېشىغا بارىدۇ. ئاشۇ ئىپلاس بەدنام بىلەن مۇشۇ ئەزىز تۇپراقتا دەسسىۇنمۇ، بەش يىل، توپتوغرا بەش يىل ئۆزىنىڭ ئاقلىنىشىنى، ئۆزى ئۈچۈن بىرەر ئېغىز ئادىل گەپ قىلىدىغان كىشىنىڭ چىقىشىنى كۈتكەن، بىراق ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئېغىز لىللا گەپ قىلمىدى. ئۇنى گويا ئۆلدىكە چىقىرىۋەتكەنگە ئوخشاش بىرەرسىمۇ يوقلاپ كەلمىدى. لېكىن ئۇ بۇ بەش يىل ئىچىدە ئىزچىل تۈردە ھاياتقا ئۈمىد بىلەن باقتى. ئىشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنىڭ ھامان ئاشكارىلىنىشىنى كۈتتى. لېكىن ئۇ تۈرمىدىن چىققاندا كىشىلەر ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەن، ھەتتا ئۇنى ئاشۇ سۆيۈملۈك يېزىسىمۇ قوينىغا ئالمىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى

ھاياتى ئۇنىڭغا ئۈچ ئېلىش ئىستىكىدىن ئۆزگە ھېچنېمە بېرەلمىدى. ئۇنىڭ «مۇئەللىم» دېگەن نامىنىڭ ئورنىغا «سارالڭ» دېگەن ئىسىم ئالماشتى.

— ئەسلى قېچىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن قاچماي مۇددىتىم توشۇپ قويۇپ بېرىلدىم.

— ھە، شۇنداقمۇ ئاداش، مەن تېخى — ... ھېلىقى ناتونۇش ئۇنىڭ يېنىغا قايتىدىن يۈكۈندى.

— نېمە گۇناھ قىلغاندىڭلا؟ — ... ئۇ يالت قىلىپ ناتونۇشقا تىكىلدى. يۈزلىرى ئىسسىلىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈشتى. كىرىشكەن چىشلىرى غۇچۇرلاپ مۇشتۇمى تۈگۈلدى.

سوراقتا، سولاقتا تالاي قېتىم دېگەن گېپىنى تەكرارلىدى.

— مەندە گۇناھ يوق، ماڭا ئىشىنىڭ، مەندە قىلچىلىك گۇناھ يوق، گۇناھ بار دېيىلسە. باشقىلارنىڭ رايىغا باقمىغانلىق گۇناھىملا بار، — ئۇ بۇ سۆزنى شۇنچىلىك مىسكىن، شۇنچىلىك ئەلەم بىلەن ئېيتتىكى ناتونۇشنىڭ يۈرىكى لەرزىگە كەلدى.

ئۇ تالاي يىللاردىن بېرى ئۆز گۇناھىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي كەلدى. باشقىلار ئۇچۇن گۇناھ، ئەمما ھەقىقىي ۋىجدانىي، ھەقىقىي ئەدەب - ئەخلاقنى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان كىشىلەر، مەڭگۈ ئېتىراپ قىلمايدىغان، ياشلىق باھارىغا خەنجەر بولۇپ ئۇرۇلغان ئاشۇ ئىشلارنى ئۇ قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن!

× × ×

ئۇ خىزمەت تەقسىماتىنى ئېلىپ، ناھىيە بازىرىغا 200 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاقساي يېزىسىغا خىزمەتكە چۈشتى. بۇ تەقسىمات ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغان يېرىدىن چىقتى. چۈنكى بۇ يېزىغا ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، ئۇنىڭ بالىلىقى مۇشۇ ئاپئاق قارلار بىلەن پۈركەنگەن تاغ ئارىسىدا ئۆتكەن، ئۇ شوخ كۈلكىسىنى زىرەكلىكىنى، چىدامىلىقىنى مۇشۇ زېمىندا يېتىلدۈرگەن.

ئۇنىڭ قەدىردان ئانىسى ھېلىمۇ مۇشۇ زېمىندا، ئاتا - بوۋىسىنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ زېمىندا، ئۇنىڭغا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 -، 3 - يىللىقلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسى تەقسىم قىلىندى. مۇرات ئۇچۇن ئېيتقاندا ھەپتىدە ئۆتىدىغان ئون سائەت دەرس ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى نابۇت قىلاتتى. شۇڭا ئۇ دوغلاق كەڭ پىشانىلىق مەكتەپ مۇدىرىغا باشقا بىرەر يەن دەرسلىرىنى بېرىش ئىلتىماسىنى سۇندى. بۇ ناھايىتى تېزلا ھەل بولدى. بۇ يەرگە نىسبەتەن مۇشۇنداق چاپارتايدىن بىرەرسى بولۇشى كېرەك ئىدى. مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ ئىستاژىنى پەش قىلىپ، تۇل خوتۇندەك كوتۇلداق بولۇپ قالغان مۇئەللىملەر ئارامچىلىككە ئېرىشتى.

بۇ مەكتەپتە بارى - يوقى ئۈچ سىنىپ بولۇپ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى — بىر مەكتەپ مۇدىرى، بەش ئوقۇتقۇچى، بىر ئىشچىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

مۇرات كەسىپداشلىرى بىلەن تېزلا چىقىشىپ، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە چۆكۈپ كەتتى. جۈپ - جۈپ سەبىي كۆزلەر ئۇنىڭدىن ئادەم بولۇش سەنئىتىنى ئىگەللىمەكتە ئىدى. رىۋايەتتەك تۇس بېرىدىغان تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، پادىلارنىڭ يايلاقتىكى شوخ چېپىشلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈزۈلمەس سىمفونىيە بولۇپ، ياشلىقىغا تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ بېغىشلىماقتا ئىدى. ئۇ خىزمەتكە چۈشۈپ، ئىككى ئاي بولغاندا تۇنجى شېئىرلار توپلىمى نەشىردىن چىقىپ، ئالقانچىلىك بۇ زېمىننى لەرزىگە سالدى. ھەممىنىڭ ئېغىزىدا شۇ سۆز، ھەممىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئادىمگەرچىلىكى كۆپىيىپ، داستىخانلاردا يېزا باشلىقى بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرىدىغان بولدى. مەكتەپنىڭ ئادەتتىكى پىلانلىرىدىن تارتىپ، يېزىنىڭ پىلان، دوكلاتلىرىغىچە ئۇنىڭ ماھىر قوللىرى بىلەن پۈتۈپ چىقتى، ئۇنىڭچە بۇ ئىشلار شۇنداق ئالدىراش ۋە كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى. بىرەر ھاجەتمەنىنىڭ ئادەتتىكى بىرەر پارچە سالام خېتىنى يېزىپ بەرگەندىمۇ، ئۆز ئىشىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. دېمەك ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى، ھەر بىر سۆزى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ياشاش يولىدىكى نۇرانە ئاپتاپ ئىدى.

ئۇ بۈگۈن دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، مەكتەپنىڭ غەربىدىكى بىر تەرىپى كوئىنلۇن تېغىغا تۇتىشىدىغان پاسىل تام شەكلىدىكى ئېگىز تۆپىلىككە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، يۈرىكى ھاياجاندىن تىپچەكلەپ ھېسسىياتىنى باشقۇرالماي قالاتتى. ئۇ تۆپىلىك باغرىدىكى ئېقىن بويىدا قورام تاشتا ئولتۇرغان پېتى، قۇياشنىڭ تۆپىلىك كەينىگە ئولتۇرۇشىنى تاماشا قىلاتتى. خاتىرە دەپتىرى ھاياجانلىق مىسرالار بىلەن بېزىلەتتى. ياشلىقتىكى ئارزۇ - ئارمان، ھاياتلىقتىكى گۈزەل كۈيلەر يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، پاساھەتلىك

www.uyghurkitap.com



مىسرالارنى ئاپرىدە قىلاتتى. ئۇ تاش ئۇستىدە ئولتۇرۇپ خاتىرە دەپتىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قىزغۇچ شەپەق نۇرىغا تولغان تۆپىلىك زاھىر بولدى. ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن پۈتۈپ چىققانغا ئوخشايدىغان بۇ مەنزىرە، ئۆزىدە تۈگىمەس تارىخىي ھەقىقەتلەرنى يوشۇرۇپ ياتقاندەك قىلاتتى. قۇياش بارغانسېرى ئولتۇرۇۋاتاتتى. تۆپىلىك كەينىدە بېرىم لىگەنچىلىك كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇياش، قىيالارغا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىنى تۆكۈپ كۆزىدىن غايىپ بولدى. شۇ ھامان تۆپىلىك كەينىدىكى ھاۋا بوشلۇقى قىزغۇچ ھال رەڭگە كىردى. تۆپىلىك شەرقىدىكى بۇ زېمىنغا قاراڭغۇلۇق تارتىلدى.

مۇرات كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمگەن، ھايۋان مايىقىنىڭ كۆيگەندىن كېيىنكى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىق ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغان، ئىيۇن ئېيىنىڭ كىلىپ قالغىنىغا قارىماي، بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىدا تېخى تۈزۈك ئۆزگىرىش بولمايۋاتاتتى. يانۋار ئېيىدا سوغۇق قانداق بولسا، ئىيۇننىڭ چۈشتىن كېيىنكى ھاۋاسى يەنىلا شۇنداق ئىدى.

ئۇ، يېزا بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان كەنت تەشكىلى يېنىدىكى قورۇدا يېشى 60 ياشتىن ھالقىغان ئانىسى بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئۈچ ئېغىزلىق سۇۋاقلىرى ئاجراپ كەتكەن، كونا بولسىمۇ پاكىزە تۇتۇلغان ئۆيگە ئاستا كىرىپ كەلدى. خۇپتەن نامىزىنى تۈگىتىپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ئانا، ئوغلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ دۇئاسىنى تېزلا ئاخىرلاشتۇردى ـ دە، ئۇنى يېنىغا چاقىردى.

— بۇ ياققا كەل بالام، ـ دەپ گەپ باشلىدى ئانا ئوغلىنى سۈپىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن قولىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن بالام، ساڭا بەكلا ئىچىم كۆيىدۇ. سېنى بىردەممۇ يېنىمدىن ئايرىغۇم يوق. لېكىن چوڭ بوپ قالدىڭ، مېنىڭمۇ نەۋرە يۈزى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ. كەچكىچە ئۇياق ـ بۇياققا قاتراپ يۈرمەي، توي ئىشىڭنى ئويلاپ باققان بولساڭ!...

— ...

— داداڭ رەھمەتلىك قىلالمىغان ئىشنى ئۆز قولۇم بىلەن ئادا قىلىپ، مەرھۇمنىڭ روھىنى خۇشال قىلسام دەپ ئويلايمەن. سۆزلەشكىنىڭ بولسا ئۇنى دېسەڭ، بولمىسا مېنىڭمۇ ئويلاپ قويغىنىم بار. شۇنىڭغا غاچچىدە چاي قىلىۋەتسەڭ، تويىنى كېيىنرەك قىلساقمۇ مەيلىتتى، ئەل كۆزى دېگەن يامان بالام. ئەگەر ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ.

دېمىسىمۇ ئانىنىڭ كۆڭلى يېقىندىن بۇيان بىر مەر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئوغلىدىن خەۋپسىرەپ قېلىۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ تېخى ياش تۇرۇپلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، بارغانسېرى يۈز تېپىۋاتقانلىقىنى ئويلىسا ھەم خۇشاللىناتتى، ھەم غەمگە پاتاتتى. ئوغلىغا يامان كۆز تېگىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ گېپىنى جاۋابسىز قالدۇردى. ئۇنىڭچە بولغاندا تېخى بۇ ئىشلارنى ئويلاش ئۇنىڭغا ئەتىگەن ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئوغلىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن ئانىنىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى.

— دادىسى رەھمەتلىك سېغىنىدىغ بولغاي، «ئۇ بولغان بولسا» ئانىنىڭ كۆز ئالدىغا، جاھانىي ئىسيانچىلار سورىغان مالىمانچىلىق يىللىرى كەلدى.

× × ×

ئىشكىنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن مەريەم ھەدە، شەۋكەت مۇئەللىمنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئىسيانچىلار قەدىمىنىڭ ئۆز ئىشكى تۈۋىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزگەن شەۋكەت مۇئەللىم، مەريەم ھەدىنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى.

— قورقما ئامىرىقىم، بۇ موتىھەملەر ھامان جاجىسىنى تارتماي قالمايدۇ. مەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچاي، سەن ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، ئەگەر قايتىپ كىرەلمىسەم ئىشىككە دەمنى سېلىپ يات، — شەۋكەت مۇئەللىم يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ئىشىكتىكى دەمنى ئالدى. شۇ ھامان قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ تۆت ـ بەش ئىسيانچى ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى.

— ھۇ، مېڭىسىگە چەتنىڭ سېسىق ئىبارىلىرى توشۇپ كەتكەن ئاقىنانچى، سەن ئۆيگە بىسولۇنۇۋېلىپ قانداق پىلانلارنى تۈزۈۋاتىسەن؟ ئۇرە ئۇنى ...

— پرولېتارىياتنىڭ دىكتاتۇرىسىنى تېتىتىش كېرەك بۇ ئۇنسۇرغا، — پالاق ـ پۇلۇق قىلغان ئاۋازلار بىلەن ئېچىنىشلىق ئىڭراشلار ئۆينى بىر ئالدى. تەلۋىلەشكەن ئىنقىلابچىلار شەۋكەت مۇئەللىمنى دەسسەپ چەيلىمەكتە ئىدى. بۇ ئىشلارغا چىداپ تۇرالمىغان مەريەم ھەدە، كارۋات ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، بىر ئىسيانچىنىڭ پۇتىغا

ئېسلدى.

— خۇدادىن قورقۇڭلار ئۇكىلار، خۇدادىن قورقۇڭلار، شەۋكەت سىلەرگە نېمە قىلدى؟ كىشلەرگە ئاق - قارىنى تونۇتۇش گۇناھمۇ؟ ...

— ئۇ، قانجۇق، ھېلى بىكار خوتۇن كىشى بولۇپ قالغىنىڭغاتويىسەن، — ھېلىقى ئىسيانچى، زەرىپ بىلەن مەريەم ھەدىنىڭ قورسىقىغا تەپتى. قالغان ئىشلار مەريەم ھەدىگە قاراڭغۇ، ئەتىسى تاڭ بىلەن بوۋىسىغا ھەمراھ بولغىلى كەتكەن ئون ياشلىق ئوغلى، ئانىسىغا ھاياتلىق ئېلىپ كەلدى. بوۋىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئۇ، مەريەم ھەدىنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركىدى. چىكە تومۇرلىرىنى ئۇۋۇلاپ تاپان ھەم بويۇن قىسمىنى يېنىك غىدىقلىدى. قۇتقۇزۇش ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. مەريەم ھەدە كۆزىنى ئەستە ئېچىپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراۋاتقان ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. بىر ئەسىردەك ياشاپ، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بۇ ئىشلارغا تۇنجى يولۇقۇۋاتقان بوۋاينىڭ ئېغىزى ئەمتىيىپ، كۆز ياشلىرى ئاپئاق ساقاللىرىنى نەمدىدى. دېمىسىمۇ بۇ ئىشلارنى كىمتىنىڭ قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان. كۆڭلىكى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇر - چاپ ۋە قىقاس - چوقان ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تېپىشماق. ئەقلىدىن ئازغانلار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ساراڭلار ھەقىقەتتى ئىدى. 3 كۈندىن كېيىن شەۋكەت مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كىچىككىنە بۇ قورۇغا، زېمىنمۇ كۆتىرەلمىگۈدەك ئاھ - زار ئېلىپ كەلدى.

مەريەم ھەدە باغلىقىنىڭ بۇرجىكى بىلەن كۆزىدىكى ياشنى سۈرتىۋېتىپ ئاستا پىچىرلىدى.

— شۇ ئىشلارغىمۇ يىگىرمە نەچچە يىل بوپتۇ. رەھمەتلىكنىڭمۇ ئۇنى ئوقۇتۇپ بىلىملىك ئادەم قىلغۇسى بار ئىدى. ئەقلىدىن ئازمىسىلا بۇ كۈنىنىڭمۇ كېلىشىگە ئاز قالدى. بىراق توي ئىشى - زە ...

ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ قارىدى. مۇرات يېزىق ئۈستىلىدە، قوياشنى تۆپىلىك كەينىگە ئۇزاتقاندىن كېيىنكى ھاياجانلىق مىسرالارنى ئاققا كۆچۈرۈۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ بۇ تىرىشچانلىقىنى كۆرگەن ئانا، ئىپتىخار ۋە ئۈمىدكە تولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى.

ئۇنىڭ بىلەن ئانا ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن توي ئىشى توغرىسىدىكى شۇ سۆھبەتتىن كېيىن، ئۇنىڭ نەزىرى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قىزلارنىمۇ نىشانلايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئەمدى ئۇ يېزىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان خاتىرىسىنى، مەكتەپ بىلەن ئۆي ئارىسىدىكى قويۇق ئۆسكەن، سۇۋادان نوتىلىرى ئوراپ تۇرىدىغان كۆل لېۋىدە ئولتۇرۇپ يازىدىغان بولدى. چۈنكى بۈككىدە سۆگەتلىك سايە تاشلاپ تۇرغان كۆل سۈيى شۇنچىلىك ساپ ھەم سۈزۈك. ئەتراپتىن خىلمۇ خىل قۇشلارنىڭ چاڭ كەلتۈرۈپ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق بولىدىغان مۇشۇ مەزگىللىرىدىمۇ كۆلدىن كۆتۈرۈلىدىغان سالقىن ھاۋا، ئادەمنىڭ جېنىنى يايرىتىپ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. يېقىن ئەتراپتىكى يېزا ئاھالىسى مۇشۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچەتتى. سۇغا كېلىدىغانلارنىڭ كۆپى قىزلار ئىدى.

بۇ يەر ئۇنىڭغا ئوخشاش قەلەم بىلەن قەغەزنى سۆركەپ يۈرىدىغان ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرىدىغان جەننەتكە ئوخشايتتى. شۇڭا ئۇ بۇ يەرنى بايقىغىنىدىن ئۆزىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ خاتىرە قەلىمىنى ئېلىپ كۆل بويىغا كەلدى. ئۇ، سۈپسۈزۈك سۇغا بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆلگە چۆرگىلىتىپ ياسالغان قاشا تۈۋىدىكى بىر تاشقا كېلىپ ئولتۇردى. قوياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى كۆل يۈزىدە كۆۋرۈك شەكلىدىكى يورۇق شوللارنى قالدۇرۇپ، قىزغۇچ رەڭگە كىرمەكتە ئىدى.

نوساتتىن ئاڭلانغان شوخ جاراڭلىق كۈلكە مۇراتنىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتتى. ئۇ، دەررۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سۇ ئۇسۇشقا تەمشىلىۋاتقان ئون يەتتە، ئون سەككىز ياشلاردىكى ئىككى قىزغا كۆزى چۈشتى.

— ھە ئاداش، تويۇڭنى قاچان ئوينايدىغان بولدۇق؟ شۇ ئارىدا ئاق سېرىق كەلگەن قىز يېنىدىكى قارا قومچاق، تازا تولۇپ ۋايىغا يەتكەن قىزغا سۆز تاشلىدى.

— نېمە دەيسەن ئاداش، بوزۇۋەتتۇق ئۇنداق تويىنى، تېخى ئادەمدىن سورىمايلا ئىككى بالىسى بار ئاشۇ خوتۇنپۈرۈچ بايۋەتچىگە بېرىشىمىز دېيىشكەن، ئۇنىڭغا بەرسەڭلار ئۆلىۋالىمەن دەپ ئۆيدىكىلەرنىڭ پەيلىنى ئاران ياندۇردۇم. ئۇنداق ئادەمگە خوتۇن بولغىچە مۇشۇ كۆلگىلا سەكرەپ ئۆلىۋالارمەنا ...

قارا قومچاق قىز قولىدىكى قاپاق نوگاينى زەرىپ بىلەن سۇغا پاتۇرۇپ چېلەكنى چىققاشقا باشلىدى. قىزلارنىڭ گېپىگە قولاق سېلىپ ئولتۇرغان مۇراتنىڭ كۆزى بىردىنلا،

قاراقومچاق قىزنىڭ ئويما ياقىلىق ئەتلەس كۆينىكى ئىچىدىن ھەربىر ئىڭىشكەندە كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئالما، چوكۇلۇقىدىكى يۇمران كۆكسىگە قادالدى. بىردىن ئۇ ئۆز ئىشىدىن ئۈيۈلۈپ، قىز كۆكسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ خاتىرىسىگە قارىۋالدى.

— ۋاي ئاداش، دەپ سۆزلىمەكتە ئىدى ھېلىقى ئاق سېرىق قىز، - ھازىر شەھەرلىكلەر بەك بۇزۇلۇپ كېتىپتىمىش. مەندەك، سەندەك قىزلار يوتىسىنىمۇ تۈزۈك ياپالمايدىغان كالتا ئىشتان چوكۇلۇقىدىكى نېمىنى يوپكا دەپ كىيىۋېلىپ، كىمنىڭ پۇلى بولسا شۇنى ئوۋلاپ يۈرەرمىش. مەن بۇ گەپنى ئۆتكەن بازار كۈنى شەھەرلىك بىر تېرىچىدىن ئاڭلاپ قالدىم. ئۇ ئەسلىدە مېنى ماراپ چىققان ئىكەن. ئاكام ئادەم بولغىنىغا تويغۇزۇپ يولغا سېلىپ قويدى.

قىزلار سۇ تولدۇرۇۋالغان چېلەكلىرىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىشتى.

— بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ تۈزۈكرەك ئوقۇمىغىنىمىزنىڭ جازاسى - دېدى. قارا قومچاق قىز، — ناۋادا ياخشىراق ئوقۇيالىغان بولساق، كېيىنكى كۈنلىرىمىزمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتەتتى.

— مانا ئەمدى ھەرقانچە قىلساقمۇ، ئۆزىمىزنىڭ گۈلدەك جامالىنى ئېغىر ئەمگەكلەرگە، كالدەك يېيىشنىلا بىلىدىغان قوپال ئەركەكلەرگە سېلىپ بەرمەي ئامال يوق، بۇ يەرگە كەلگەن كادىر چاقلار تېخى ئادەمگە قاراپ قويمىسا - ھەي ...

قىزلار ئۆز پاراڭلىرى بىلەن ئەپكەشلىرىنى كۆتۈرۈپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كېتىشتى. ئاشۇ كۈندىن كېيىن مۇرات كەچ كىرگىچە كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ، كەلگەن - كەتكەنلەرنىڭ پاراڭلىرىغا ۋە يۈرۈش تۇرۇشىغا دىققەت قىلىدىغان بولدى. ئۇ تالىۋالغان جاي ناھايىتى ئەپلىك بولۇپ، قويۇق ئۆسكەن سۆۋادان بولجالىرى ئۇنى يوشۇرۇپ تۇراتتى. ھېلىقى ئىككى قىز كېلىشىۋالغاندەك، ھەر كۈنى كۈن قارايغاندا چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ پەيدا بولاتتى - دە، غېمىدە يوق ئۆز پاراڭلىرىنى سېلىشىپ قايتىپ كېتىشەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇلار دەل ۋاقتىدا شوخ كۈلكىلىرى بىلەن كۆل بويىدا پەيدا بولۇشتى.

— ۋىيېي، — گەپ باشلىدى، قاراقومچاق قىز ئاق سېرىق قىزغا قاراپ.

— كۆكسىڭگە نېمە بولدى؟ بومبا يوشۇرۇپ قويدۇڭمۇ نېمە؟ بۈگۈن تىكلا بوپ قاپتىغۇ؟ باياتىنقى ھېكايە ھېسسىياتىڭنى ئۆرلىتىۋەتتىمۇ؟

— ئۆزۈڭنىڭكىگە قاراپ باقە، سېنىڭمۇ ئىسسىپ، كۆينىكىڭگە پاتمايلا قاپتىغۇ؟

— ئۆرۈك - ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولىدۇ ئەمەسمۇ، سېنىڭكىنى كۆرۈپ باش كۆتۈرگەن گەپ، — قىزلار پىخىلداپ كۈلۈشكىنىچە سۇغا ئېڭىشتى.

— ئەجەپ ئۆچ بولدۇم بۇ بىر نېمىگە، بارغانچە مانا مەن دەپ يوغىناۋاتىدۇ. ئىزا تارتىپ، يا ئادەم كۆپ جايغا بارغىلى بولمىغان، ئەرلەرنىڭ كۆزىمۇ مۇشۇ يەردىلا قالىدىكەن، — ئاق سېرىق قىز كۆكسىنى شاپىلاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۆزۈم تۇتۇپ قويسامۇ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كېتىۋاتىدۇيا ...

— كۈلۈۋاتىسەنغۇ، ئىشەنمىسەڭ سېنىڭكىنىمۇ تۇتۇپ كۆرمىچۇ، ئاق سېرىق قىز شۇنداق دېگىنىچە قارا قومچاق قىزنىڭ كۆكسىنى قامالىۋەتتى.

— ۋايجان! - كۆكسىگە ئۆز قولىدىن باشقا قول تېگىپ باقمىغان قىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇشى بىلەن تەڭلا، تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن كۆل لېۋىدە ئۆزىنى باشقۇرالماي، يېڭىدىلا چىپىلىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان كۆلگە چۈشۈپ كەتتى.

بۇ ئىش قىزىق تۈيۈلۈپ كۈلكىسىنى ئاللىبۇرۇن قويۇۋەتكەن ئاق سېرىق قىز، قاراقومچاق قىزنىڭ پالاقشىغىنىچە سۇغا بارغانسېرى چۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ ئەتراپقا قاراپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

شۇ ئىش بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ يالغۇزلۇق تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. ئەمدى ئۇ كۆل بويىغا يالغۇز كەلمەيتتى. ئۇ كۆل سۈيىنىڭ چىمىرلاۋاتقانلىقىنى، بېلىقلارنىڭ پىلتىڭلاپ ئۈزۈۋاتقانلىقىنى، قارلىغاچلارنىڭ كۆل يۈزىگە ئۇچقۇر قاناتلىرىنى «لىك - لىك» ئۇرۇپ دۈگلەك چەمبەر سىزىۋاتقانلىقىنى، قۇياشنىڭ كۈگۈم قوينىغا ئاستا سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى يارقىن تىللار بىلەن ئىپادىلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ يېنىدا كۆلدىن خۇددى بېلىقنى سۈزۈپ ئالغاندەك قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئاشۇ قارا قومچاق قىز ھەمراھ بولاتتى.

گەپنىڭ توغرىراقىنى ئېيتقاندا ئاشۇ قېتىملىق ۋەقەدىن كېيىن ئۇلار تونۇشتى، تونۇشتىلا ئەمەس، توي قىلىشقىمۇ پۈتۈشتى، ئىيۇلنىڭ سالقىن ئاخشاملىرى كۆل بويىدىن،

ئادەمگە تىلسىمات تۇيغۇسى بېرىدىغان ئېگىز تۆپىلىكلەردىن قايتقانلىرىدا، قارا قومچاق قىز پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن مۇراتنىڭ ئۆزىنى سۇدىن قانداق قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى، بۇ ئىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى تىترەك، ئەمما سۆيۈنۇش ھېسسىياتى بىلەن زىكرە قىلاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا مۇرات قارا قومچاق قىزنىڭ پىشانىسىگە يېنىككىنە سۆيۈپ، ئاللانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان بۇ مۇھەببىتىدىن چوڭقۇر سۆيۈنۇش ھاسىل قىلاتتى.

قىز تىككۈچى ئىدى. ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشقا ئىمكان بولماي، ئاخىر تىككۈچىلىككە شاگىرتلىققا كىرىپ، قولى ئەمدىلەتتىن ئىشقا كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى ھەر ئىككى ئائىلىنى ئالەمچە خۇشاللىققا ئىگە قىلىۋاتاتتى. چاي ئىچكۈزۈلۈپ بولۇندى. توي ئىشىغا لازىمەتلىكلەر تەييارلىنىپ تەق قىلىندى. ئۇلارنىڭ مۇھەببەت تارىخىي قانداق تېز باشلانغان بولسا، ئۇلارنىڭ پۈتۈشكەنلىك خەۋىرىمۇ شۇنداق تېز تارقالدى. ئۇنىڭ ئىستىداتلىق كىشى ئىكەنلىكى قانداق غۇلغۇلا قوزغىغان بولسا، پۈتۈشكەنلىك خەۋىرىمۇ شۇنداق غۇلغۇلا قوزغاۋاتاتتى. ئالقانچىلىك كېلىدىغان بۇ زېمىندا كىشىلەر كىمنىڭ كۆزىنىڭ يورۇغانلىقىنى، كىمنىڭ ساغلىقى بىر تۇرۇشتىلا ئۈچنى قوزىلىغانلىقىنى، كىمنىڭ بۇ يىلقى تېرىلغۇدىن قانچىلىك ھوسۇل ئالغانلىقى، كىملەرنىڭ قايسى سەۋەبتىن شياۋدۈيجاڭ بىلەن تىللىشىپ قالغانلىقىدىن ناھايىتى تېزلا خەۋەر تاپقانغا ئوخشاش، كىچىككىنە ئىشلارمۇ يىردەمدە ئادەملەرنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قالاتتى. بۈگۈن دارازا يېزا باشلىقىمۇ يېزىدىكى كىشىلەر نەزىرىدە، ئوردىدەك تۈيۈلىدىغان يەر ئېگىدىن تارتىپ ئوتقاشتەك گىلەم بىلەن بېزىتۈەتكەن مەجلىسخانا چوڭلۇقىدىكى ئايۋاندا، ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن مۇشۇ توغرىلىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

— شياۋجاڭ بۇ قانداق گەپ ئۆزى، ھېلىقى مۇئەللىمچاق ئەتىمالىم شاپاقىغا يوق ئوسۇپتۇ - ھە ...

— قانداق دەيلا شاڭجاڭ؟

مەكتەپ مۇدىرى چايناۋاتقان گۆشنى بوغۇزىدىن تەستە ئۆتكۈزۈپ يېزا باشلىقىغا تىكىلدى.

— بولمىسا ئايلىق ئالىدىغان خىنىملاردىن بىرەرسى چىقماسمىدى ئۇنىڭغا. — ھە، شۇ گەپمىدى، — مەكتەپ مۇدىرى يېنىك تىن ئالغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى.

— ھازىرقى زاماننىڭ ياشلىرىنى ھېچنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئەقلىگە ئەمەس، ھېسسىياتىغا تايىنىپلا بىلىشىدۇ. ئۆزلىرى بىلمەيلا، ئاڭلىسام ئۇلار مۇھەببەتلىشىپ ئاندىن تويغا پۈتۈشۈپتۇدەك.

— ھىم، - يېزا باشلىقىنىڭ چۆجە قامالىغاندەك قامالاپ ئالغان، مۇشت چوڭلۇقىدىكى لوق گۆشنى قاتتىق سىققانلىقىدىن، مايلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن تەپچىرەپ چۈشتى. گۆشكىردىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان مەڭزى سېكونت ئارىلىقىدا رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ ئەسلىگە قايتتى.

— شۇنداقمۇ ...؟ يېزا باشلىقىنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازىنى بوسۇغا تۈۋىدىنلا ئىگىلىپ كىرگەن باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى ئۈزۈۋەتتى.

— ھە، كېلىڭلار، كېلىڭلار! ئەجەپ كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭلارغۇ مۇشۇ كۈندە، جاھاننىڭ ئىشى نەگە بېرىپ نەدە توختاۋاتىدۇ، سىلەر قايسى بۇلۇڭدا نېمە تىمسىقلاۋاتىسىلەر، ھېچ بىلگىلى بولمايدۇ يا ... — تېخىچە كۆرۈشۈشكە قولنى تەڭلەپ تۇرۇۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى، يۇقىرىقىدەك بىر قاتار سوئاللارغا كۆمۈلگەندىن كېيىن ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلدى.

— قول پاكىزدۇر- ھە شياۋجاڭ، دېسەم دېمىسەم گۆشنىڭ پۇرىقى سىلىنى بۇ يەرگە يېتىلەپ كەلدى. ھەقاچان، — يېزا باشلىقى ئازادە سۇپا ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ، سۇپىنىڭ لېۋىگە ئاران ئېلىنىشىپ ئولتۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرىغا قاراپ ھجايدى.

— سىلە مېنى ئوبدان بىلىسىلەر شياۋجاڭ. «ھەممە ئىش بېشى بىلەن، توي ئېشى بىلەن بولىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانسىلەر؟ مۇشۇ كەمدە ئادەمنى پەقەت چۈشەنمەيۋاتىسىلەر، خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلىنىڭكىگە ھازىرچە يامان غەرەزدە بولۇپ باققىنىم يوق مېنىڭ، - يېزا باشلىقى ئالقىنىنى داستىخان بۇرجىكىگە سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن كالىنىڭ ئىڭىكىدەك ساڭگىلاپ چۈشكەن، سېمىزلىكتىن قاتلىما ناندەك تالا - تالا قاتلىشىپ تۇرىدىغان بويىنىدىكى تەرىنى، قول ياغلىقىدا سۈرتكەچ گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— نەچچە ئاي بولدى، بۇرۇنقىغا زادى ئوخشىمايۋاتىسىلەر، خانىمچاقلىرىڭلاردىن قورقۇۋاتامسىلەر يا ...

يېزا باشلىقىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن نەچچە يىلنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئالدىدا مەكتەپ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بۇ خاقانى، يېزا باشلىقىنىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ ھىممىتىنى ھېچقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ باقمىغان، شۇ سەۋەب يېزىغا مەيلى ۋىلايەت ياكى ناھىيىلەردىكى چوڭ ـ كىچىك باشلىقلار كەلسە، خانىملارنى ھەمراھ بولۇشقا ئەكىلىپ، يېزا باشلىقىنىڭ يۈزىنى مېھمانلار ئالدىدا يورۇق قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. ئوقۇتۇش سېپىگە ئەمدىلا قېتىلغان قىزلاردىن تارتىپ، ئىسكەتتىن كەتمىگەن خانىملارغىچە، بەگ، غوجاملارنىڭ ئالقانلىرىدا قاماللانمىغىنى يوق، شۇڭا بۇ بەگ، غوجاملار قايسى قىزنىڭ كاسىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدىن تارتىپ، قايسىسىنىڭ بىلىنىڭ ئىنچىكە ـ توملۇقىغىچە بولغان تەپسىلاتلارنى، ئېچىپ قېزىۋالغانلىرىدا ئەيمەنمەستىن چاقچاقتا يۆلەپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقىنىچە دەۋرەتتى. بۇ بىچارە چۈجىلەر كۈندۈزى سەككىز سائەت ئىشلىگەننى ئاز دېگەندەك، ئاخشىممۇ قوپال سۆز ـ ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆگىلىنىپ، نەچچىسى قىلىقسىز غوجاملارنىڭ ئالقىنىدا چەيلىنىپ خورلۇق، ئەلەم ئىچىدە يوشۇرۇنچە كۆز يېشى قىلىپ ياتقىغا قايتىشىدۇ. بۇ كىچىك زېمىن بولغان بىلەن، تىرناقچىلىك ھوقۇقنىڭ كارامىتى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. بۇ جايدىكى ياش خانىمچاقلارنىڭ ھىدر خىل مەنسەپ بىلەن كەلگەن مېھمانلارغا كېچىلىرى ھەمراھ بولۇپ تانسا ئوينىشىمۇ خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كىمكى بۇنداق سورۇنغا بېرىش چاقىرىقىدىن بويۇن تولغىسا، ئۇنىڭمۇ تارتقۇلۇقى بار. ئەگەر قايسى خانىمنىڭ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بۇ تەلىپىگە شەرتسىز بويسۇنۇپ، مۇشۇنداق كېچىلىك خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى ئۈچ كۈنگە يەتسە، دەم ئېلىش ۋاقتىغا بىر كۈن قوشۇپ بېرىلىدۇ.

بۇ خىلۋەت تاغلىق يېزىدىكى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدىغان ھەر خىل قانۇن ـ قائىدىلەرياش خانىمچاقلار بىلەن، بۇنداق سورۇنغا ئېزىقىپ قاتنىشىپ قالغان مۇئەللىملەرگە ئايدىڭ، خانىمچاقلارمۇ بۇ خىل يوسۇنلارغا كۆنۈپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردىكى ئەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولىسىنىڭ بويتاق يۈرۈشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، ھەممىسى ئۆز تەقدىر پىشانىسىنىڭ شورلۇقىدىن ئۆكۈنىشىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتىكى كۆڭۈلنىڭ ئارامسىزلىنىشىنى تۈگمەس سوئاللار بىلەن يوشۇرۇپ، كەيپىياتىنى نورماللاشتۇرۇۋالغان يېزا باشلىقى، گىلەمنىڭ گۈللىرىنى بارماقلىرى بىلەن جىجاپ ئولتۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرىغا سىنچى كۆزىنى تىكتى. نېمە دېسە باش ئۈستىدە دەپ تۇرىدىغان بۇ ئىككى كوزىرنىڭ ھېلى ھەم ئۆزىپىنىدا ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، كۆڭلىدىكى غەم بۇلۇتلىرى قايانلارغىدۇ غايىب بولدى.

ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىگە ئاساسەن ئۆلارنى ئۆز دېپىغا يەنە دەستىلەيتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئېلىپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا پەر توقىغا قولىنى ئېرتىپ، ئايۋانغا كىرىپ كەلگەن ئايالىغا بۇيرۇق قىلدى.

— داستىخاننى قايتىدىن تەييارلاڭلار، ئەل ئاغىينىلەر كەلگەندە بىرەر جىگدىن ئىچىشكەچ، گۈڭۈر - مۇڭۇر ئولتۇرايلى. قانداق دېدىم شىاۋجاڭلار؟ — يېزا باشلىقى گېپىنى تۈگىتىپ، ئادىتى بويىچە داستىخانغا كۆز تاشلىدى.

پىچتى بۇزۇلمىغان قاتتىق قاپلىق ئىككى بوتۇلكا «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» گىدەيگىنىچە، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى كۆتۈرۈپ كەلگەن تور سومكىدىن داستىخانغا ئېلىندى.

— لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ سېلىنىڭكىنى ئىچىشكەچ ...

— بولىدۇ، بولىدۇ، سىلىنىڭكىنى ئىچمەك، كىمنىڭكىنى ئىچەرمىز شىاۋجاڭ. كۆڭۈللىرىنىڭ نازۇكلۇقى ماڭا بەش قولدەك ئايان. ئۇنىمسام گاللىرىدىن تاماق ئۆتمەيدۇ ھېلى، — يېزا باشلىقى غالىپلارچە كۈلۈمسىرەپ باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى ئۇزاتقان بوتۇلكىنى قولىغا ئالدى. جاھاندا تالايلىغان ئىشلار مۇشۇنداق ھاراق سورۇنلىرىدا پىلانلانسا كېرەك. بۈگۈنمۇ، يېزا باشلىقىنىڭ داستىخىنى بۇ قانۇنىيەتتىن چەتنىمىدى. ئىچىپ قىزىشىۋالغان ئۆتكۈر ئىككى كاللا، يېزا باشلىقىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە قۇتقۇزۇش چارىسىنى يادلاشقىنىچە دەلدەڭشىپ، ئالا ـ تاغىل تىوۋلىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئامانجان تۇرسۇن

# ھەمدۇل كەپتەرۋاز

(ھېكايە)

«ھەمدۇل كەپتەرۋاز» دېسە، ئۇنى مەھەللىدە تونۇمايدىغانلار يوق. پېشى 30 دىن ئاشقان بۇ «قېرى يىگىت» نىڭ كەپتەرگە شۇ قەدەر كۈچلۈك ھەۋىسى بار ئىدىكى، ئۇ ياشلىقىنى چاقىقانغىنە ياسالغان كەپتەرخانىسىدا، كەپتەرلىرى بىلەن «مۇھەببەتلىشىپ» ئۆتكۈزگەن ئىدى.

دادىسى رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا ئۆز قولى بىلەن ۋادەكلەپ ياسىغان 5 ـ 4 پىگفاڭ بۇ ئاتا مىــــراس كەپتەرخانىدا، كەپتەرلەر شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، كۆك كەپتەر دەمسىز، ئالا بوغۇل دەمسىز، شىڭگىر دەمسىز ئىشنى قىلىپ كەپتەرنىڭ ھەممە خىلى تېپىلاتتى.

ھەمدۇل باللىق، ياشلىق دەۋرلىرىنى دادىسىنىــــڭ كەينىدە يۈرۈپ كەپتەر بېقىشى بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىرى ھەر كۈنى دىگۈدەك كەپتەرلەرگە دان چېچىش، تەڭ يېرىمى كەپتەرخانا قىلىنغان ياتاق ئۆيىــدە ئوغرى مۈشۈك ماراش، ئاندىن مەھەللىنىڭ چېتىدىكى ئىلگىرى خامان قىلىنغان شورلۇقتىكى دۆڭدە كەپتەرگە قىــسماق قۇرۇش دېگەندەك بىر خىل رەۋىشتە داۋاملىشاتتى.

ئۇ كەپتەرلىرىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. شۇڭا، كەپتەرلىرىم يوقاپ كەتمىسۇن دەپ، ســـــرتلارغىــــمۇ چىقارمايتتى.

پەقەت كەپتەرلىرى بۇقۇلدىشىپ، كەپتەرخانىنىـــڭ ساتمىسىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ قالايمقان ئۇچۇشقىلى تۇرغاندىلا كەپتەرخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتەتتى-دە، ئۆزى يىتىپ ـ قوپىدىغان جايىنى كەپتەرلىرىنىڭ ئىچ پۇشــقـــــى چىقىرىۋېلىشى ئۈچۈن بېرىۋېتىپ، ئىشىك ـ تۈڭلۈكنى مەھكەم تاقاپ، ئۆزى سىرتقا كەپتەر تۇتقىلى چىقىــپ كېتەتتى.

مانا بۈگۈن ئۇ كونا خاماندا بىر كۈن كەچكىچە قىسماق قۇرۇپ قويۇپ ساقلاپ، كەپتەر تۇرماق ئۇنىڭ بىر تال پېيىگىمۇ ئىرىشەلمــدى. قېرىشقاندەك كەپتەرلەر ئۇ قىسماق قۇرغان جايغا يېقىنمۇ كەلمەي چەتتە دانلىشاتتى. ھۆركۈتسە ئۇچۇپ كېتىپ، ئايلىنىپ يەنە كېلەتتى- دە، خۇددى قىسماق قۇرۇلغان جاينى بىلىپ قالغاندەك. خامانىڭ چېتىدىكى قارىداپ كەتكەن كونا سامان قالدۇقلىرىنــى چوقۇپلا دان ئىزدىشەتتـــى. «خەپ!» دېدى ھەمدۇل كەپتەرۋاز ئاپتاپپەرەسلىكنىڭ دالدىسىدىكــى يوشۇرۇنغان جايدىن قىمىرلاپ: «ھازىرلا ئۆيدىكى قىسماقنى ئەكىلىپ، جاجاڭنى قانداق بېرىمەنكىن قېنى، كۆرۈش!».

ھەمدۇل كەپتەرۋاز ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپلا ئۆيدىكى مەنزىرىدىن ھەيران قالدى. كەپتەرلەر پالاقلىشىپ ئۆينىڭ ئىچىدە قالايمقان ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئېنىقكى بىر نەرسىدىن ھۈركۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۆزىنىڭ يىغلىمىغان ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنىڭ ئۈستىدە يەلپۈگۈچتەك يېيىلىپ تۇرغان كەپتەرنىڭ ئاپئاق پەيلىرىنى كۆردى. ئالدىغا يەنە ئىككى قەدەم مېڭىپ، غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا چوغدەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ چەكنىتى كۆردى. «ئوغرى مۈشۈك!» ئۇ چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىغا كەلگەن بۇ خىيالدىن سەگىپ، ئىشىكنى سىرتىدىن تاقىدى-دە، ھويلىدا ئۇڭ ـ تەتۈر مېڭىپ ئەپچىلرەك بىر نەرسە ئىزدىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاشخانا ئۆينىڭ ئالدىدىكــى كۆتەككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چانالغان ئەگرى ساپ كەكە چۈشۈپ، ئۇنى يۇلۇۋالغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتا كىردى. بايام ئۇ كۆرگەن مەنزىرە ئۆز پېتى تۇراتتى. ئۇ كەكە تۇتقان قولىنى ئارقىغا قىلىپ، ئالدىغا ئاستا قەدەملىدى. ئۈچ قەدەم ...، ئىككى قەدەم ...، بىر قەدەم ... ئۇ، قولىدىكى كەكىنى شۇنداق زەربە بىلەن شىلتىدىكى قورقۇنچلۇق بىر چىرقىراش بىلەن تەڭلا، چوغدەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ چېكىت قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن كەپتەرلەر ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ ئۇچۇپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە، قوللىرىغا ئۇرۇلاتتى. پاكار ئۆگزە بىلەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گىرىمسەن بوشلۇقنى كەپتەر پەيلىرى قاپلىدى. ئۇ يەردىكى كۆكسى ئېچىۋېتىلگەن ئۆلۈك كەپتەرنى قولىغا ئېلىپ، يۈزلىرىگە سۈرتۈپ پىچىرلىدى: «رازى بولغىن ئالا بوغۇلۇم ! ... مەن سېنىڭ ئىنتىقامىڭنى ئېلىپ بەردىم».

ئۇنىڭ يېنىدا يوغان ئالا چىپار بىر مۈشۈك قانغا چىلىشىپ ياتاتتى. ئۇ نەزىرىنى ئۆگزىگە — يورۇق چۈشۈرۈش ئۈچۈن سۇلياۋ يېپىپ، چۆرىسىنى كېسەك پارچىسىدا باستۇرۇپ قويغان تۈڭلۈككە ئاغدۇردى. چىلەكنىڭ تېگىدەك چوڭلۇقتا يۇملاق قىلىپ ئويۇلغان تۈڭلۈكتىن سۇلياۋنىڭ بىر بۇرجىكى ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئۇ نەزىرىنى بۇلۇڭدىكى پاكار قونداققا تىپلىشىۋالغان كەپتەرلەرگە ئاغدۇردى: «مېنى كەچۈرۈڭلا جانىۋارلىرىم! ... مەن ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈمنىڭ نۇرى چۈشسۇن دەپ ...» ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ غۇۋۇلدە ئاچچىقى كەلدى - دە، يەردە سوزۇلۇپ ياتقان مۈشۈكنى ئىككى پۇتىدىن كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى.

— ھەي، ئوبولەك! ...

قوي ئېغىلىنىڭ يېنىدا ئېشەك ھارۋىسىغا قىغ ئۇسۇۋاتقان ئادەم، ئۆزىنى چاقىرغان تەرەپكە — قوشنىسىنىڭ ئۆگزىسىگە بويۇنداپ قارىدى:

— نېمە دەپ ۋارقىرايسەن ھەمدۇللام؟

— سەن قېرى جوھۇدنىڭ خاپىلىقىدا ئارامخۇدا كۈن كۆرگىلى بولامدۇ؟ — ساقاللىق ئادەم دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئارىسىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن سىلىقراق قىلىپ:

— نېمە ئىش بولدى؟ گەپ بولسا چىرايلىق دېمەمسەن؟ - دېدى.

— نېمىنى چىرايلىق دەيدۇ؟ ئۆتكەن قېتىممۇ مۈشۈكىڭ كەپتەرلىرىمگە ئارام بەرمىدى دېسەم، مۈشۈكنى باغلاپ باقىسلى بولامدۇ؟ دېدىڭ. مانا! ئەمدى باغلاپ باقساڭ تۇرۇۋېرىدۇ! - ھەمدۇل كەپتەرۋاز شۇنداق دەپلا قولىدا ساڭگىلاپ تۇرغان مۈشۈكنى ئۇنىڭ ھويلىسىغا تاشلىدى. ساقاللىق ئادەم قولىدىكى ئارىنى تاشلىۋېتىپ، مۈشۈكنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، ئىتتىكلا ياقىسىغا قول ئۇزاتتى.

— تۇۋا، تۇۋا قىلدىم! ... قاراپ تۇرۇپ بىر يۇۋاش جانىۋارنىڭ بېشىنى يەنچىۋەتكىنىڭنى، مۈشۈكنى ئۆلتۈرسە ئېغىر گۇناھ بولىدۇ، بىلەمسەن؟

— مۈشۈكىڭ كەپتەرلىرىمنى يەۋەرسە گۇناھ بولمامدىكەن؟ - ھەمدۇل كەپتەرۋاز ئۆگزىسىدە تېخىچە قىمىر قىلماي تۇراتتى.

— ھەي، قارىغىنا! كەپتەر دېگەننى ئىككى كويغا بېرىدۇ، شۇنى دەپ مۈشۈك ئۆلتۈرسەڭ ...

— قايسى ئىككى كويلۇق كەپتەركەن؟ ئۇ دېگەن 70 كويلۇق كەپتەرنىڭ باچكىسى ئىدى. 70 كويغا سېنىڭ قوتىنىڭدىكى كۆرتۈك قويىدىن بىرنى بېرىۋاتسا بازاردا.

ساقاللىق بوۋاينىڭ ئەمدى ئاچچىقى كەلدى:

— مۈشۈكنى ئۆلتۈردىڭ، ئەنە! خاپا بولمىغىن دېدىم. ئەمدى مېنىڭمۇ بېشىمنى يەنچىۋېتىپ ئۆلتۈرمەمسەن، ئىمانسىز؟!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھەمدۇل كەپتەرۋاز، كۆكۈيۈن چىقىۋالغان توپاقتەك چېچاڭشىپ، ئۆگزىدىن ساقاللىق بوۋاينىڭ ھويلىسىغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئالدىغا دۈمىلەپ كەلدى:

— كەپتىرىمنى سېنىڭ مۈشۈكىڭ يېۋالغان تۇرسا، يەنە مەندىن بەك ۋارقىرايسىنا! ؟

— سەنمۇ مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈپسەنغۇ؟

— ئۆلتۈردۈم، نېمە دەيتتىڭ؟!

— ھېچنېمە دېمەيمەن، ئاچچىقىڭ يەنە چىقمىغان

بولسا، مېنى ئۇرۇۋال!

ئۇنىڭغىچە ئىككىسىنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ هويلىغا توپلاشقانلار ئارىغا چۈشتى:

— نېمە بولدى؟ نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟

— بولدى قىلىڭە ئۇبولكا، ماڭە ھەمدۇل ئۆيۈڭگە كىرىپ كەت!

— كىرىپ كەتمەيمەن، كەپتىرىمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن.

— ئېلىپ بوپسەنغۇ؟ سەنمۇ ئۇنىڭ مۈشۈكىنى ئۆلتۈرۈپسەن.

— تۆلەپ بەرسۇن!

— قانداق تۆلەتمەكچىسەن؟

— 70 كويلۇق كەپتەرنىڭ باچكىسىنى ئۇنىڭ مۈشۈكى يېۋالدى. شۇڭا 70 كوي تۆلىتىمەن!

يەنە نېمە گەپلەرنىڭ بولۇشىنى خۇدا ئۆزى بىلەتتى. ئۇنىڭغىچە كەنت سېكرېتارى بىلەن يوچۇن بىر ئادەم كېلىپ موتسىكلىتنى ئۇلارنىڭ يېنىدا توختاتتى.

كوچىلىك ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپتىپ جىمجىت تۇرۇشتى.

— ھەمدۇل كەپتەرۋاز، سەن بۇ يەردىكەنسەنغۇ؟ - كەنت سېكرېتارىنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ ھېچنېمىگە دىققەت قىلماستىن ھەمدۇلنى ئالدىراتتى.

— ماڭە چاپسان بول! ئەيسا شائىجاڭنىڭ شەھەردىن مېھمانلىرى چىقىپتىكەن. باچكىدىن يىگىرمىسى لازىم بولۇپ قالدى ...

كوچىلىك قىزىق ئىشنىڭ ئەمدى باشلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشىپ، بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى.

— گۆشىيىپ تۇرسەنغۇ؟ ماڭە!

— بۇ ... بۇ ... ھەممىسى قىممەت كەپتەرلەر ئىدى ...

ھەمدۇل كەپتەرۋاز دادىسىنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلىپ قويغان كىچىك بالىدەك دۇدۇقلىدى.

— نېمە دېدۇ ماۋۇ گويْ! سەن بۇنىڭدىن كېيىن ماۋۇ ئەترەتتە نان يەمسە - قانداق؟ ئەيسا شائىجاڭغا سېنىڭ چىچقاق كەپتەرلىرىڭ قىممەت كېلەرما؟ ماڭە تىلىڭنى چاينىماي! ئۇ كوچىلىككە بىچارىلەرچە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ساقچىنىڭ ئالدىدىكى جىنايەتچىدەك ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى ...

شۇ كۈنى ھەمدۇل كەپتەرۋاز تەڭ كېچىگىچە كىرىپ قاقماي، كەپتەرخانىسىدا قالغان كەپتەرلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى.

ئۇ ئەسلىدە كەپتەرلىرىنى داۋاملىق ئاۋۇتۇپ، بۇ مەھەللىدىكى ھەممە ئائىلىلەرنى كەپتەرلىك قىلماقچى ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئارزۇلىرى بىر كېچىدىلا كۆپۈككە ئايلانسا-ھە!؟ ... ئۇ، ئاشۇ كەپتەرلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كىملەر بىلەن سوقۇشمىدى؟ بۇ مەھەللىدىكى مۈشۈكى بار ھەممە ئائىلىلەر بىلەن، ھەتتا دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان ھالىدىن ئۇبدان خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتقان ئۇبۇل بوۋاي بىلەنمۇ سوقۇشتى ... ئۇ شۇنداق جېدەلخورمۇ؟ ھەممىسى ئاشۇ جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان كەپتەرلىرىنى دەپ بولدىغۇ؟ ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كەپتەرلىرىگە شائىجاڭنىڭ نەزىرى چۈشۈپتۇ، كىم بىلسۇن، ئەتە ئۆتۈپ يەنە كىملەرنىڭ باچكا يېگۈسى كېلىدۇ ... ئەجىبا، ئۇنىڭ باچكا گۆشى بىلەن خۇشى يوقمىكىنە!؟ ...

تاڭغا يېقىن كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ، ئۇ بىر چۈش كۆردى.

ئۇ ئېگىز بىر دۆڭنىڭ تۆپىدە ئولتۇرغىدەك. ئەتراپىدا سانسىزلىغان كەپتەرلىرى ئۇچۇپ يۈرگىدەك. ئۇ خۇشاللىقىدا ۋارقىراپتىمىش: «مەن دۇنيادا كەپتەرلىرى ئەڭ كۆپ ھەمدۇل كەپتەرۋاز! بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كەپتەرلىرىم! ...»

بىردىنلا 20 — 30 كەپتەر يىراقتىن ئۇچۇپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھەمدۇل كەپتەرۋاز ھاياجىنىنى باسالماي:

«— بۇلارمۇ مېنىڭ كەپتەرلىرىم!» دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇئان ھېلىقى كەپتەرلەر زۇۋانغا كېلىپ:

— بىز سېنىڭ كەپتەرلىرىڭ، سەندىن ئىنتىقام ئالغىلى كەلدۇق-دەپتۇ. ھەمدۇل كەپتەرۋاز ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— مەن سىلەرنى ئوبدان ئاسراپ، دان بېرىپ باققان تۇرسام، مەندىن قايسى ئىنتىقامىڭلارنى ئالماقچى سىلەر؟

— سەن بىزگە تويغىدەك دان بەردىڭ. لېكىن بىزنى قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويۇپ مۇشۇككە يەم قىلدىڭ. يەنە ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەملەرگە بەردىڭ. ئۇلار بىزنىڭ قارنىمىزنى يېرىپ، قاسقانغا دۈملەپ پىشۇرۇپ يېدى ... سەن بىزنى ئۆيۈڭگە سولىۋېلىپ باقمىغان بولساڭ، بىز ھاۋادا ئەركىن پەرۋاز قىلاتتۇق. سەن بىزنىڭ قاتىلىمىز - دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باشقا كەپتەرلەرمۇ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ھەمدۇل كەپتەرۋازغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپتۇ. ھەمدۇل كەپتەرۋاز: «قۇتقۇلدۇرۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قېچىپتۇ ...

ھەمدۇل كەپتەرۋاز چۆچۈپ ئويغانغاندا كۈن نەيزى بويى ئۆرلىگەن ئىدى. ئۇ ھېلىلا كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشىنى ئېسىگە ئېلىپ، بېقىنىدىكى سىم تور ئىچىدە قونداقتا شۈمشىيىپ ئولتۇرغان كەپتەرگە قاراپ ئىچى سىرىلىپ كەتتى. «مەن سىلەرگە ئۇۋال قىلدىم جانىۋارلىرىم ... سىلەرنىڭ قانىتىڭلار بار، سىلەر ئۇچۇشقا يارىتىلغان. ئۇچۇڭلار، كۆك ئاسماندا موللاق ئېتىڭلار، ئويناڭلار» ئۇ شۇنداق دېدى-دە، كەپتەرخانىنىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. كەپتەرلەر يەنىلا قونداقتا جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزى ياتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن، كەپتەرخانىغا كىرىپ ئۇلارنى مەجبۇر قوغلىدى. «خەير-خوش!» دېدى ئۇ كۆكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كەپتەرلەرگە قاراپ، كۆۋۈكۆڭلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

تال بارگىنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغا ئوبۇل بوۋاي، ھەمدۇل كەپتەرۋازنى كۆرۈپ ئورنىدىن قىمىرلىدى. ھەمدۇل كەپتەرۋازنىڭ قولىدا ئۇماق بىر ئاسلان تۇراتتى.

— ئوبۇلكا ، - دېدى ئۇ، خىجالەتچىلىك بىلەن ، - ھېلىقى مۇشۇكنىڭ ئورنىغا بۇنى ئېلىپ كىردىم.

— كىچىك ئاسلانكەنغۇ بۇ تېخى! مېنىڭ ئۇ مۇشۇكۇم ئازغىنە ئەسكى خۇيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئوبدانلا مۇشۇك ئىدى. مەن ئۇنى ياش ۋاقتىمدىن باشلاپلا ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ كەلگەن ...

بوۋاي چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى.

— بۇمۇ بارا - بارا چوڭ بولىدۇ. ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىدا بۇنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىۋالغىن.

— ھەي كەپتەرۋاز ... ئەجەب ئادەمدە سەن. بوپتۇ بۇنى ئالاي، لېكىن سېنىڭ كەپتىرىڭنى مەن تۆلەپ بېرىمەن.

— ياق! ئالمايمەن.

— نېمىشقا؟

— مەن ئەمدى كەپتەر باقمايمەن. كەپتەرخانىدىكى ھەممە كەپتەرنى قويۇپ بەردىم. ئۇلار ئۇچۇشقا يارالغانغۇ؟ ئۇچسۇن! ئاسماننىڭ قەرىدە ئۇچسا - ئۇچسۇن! مەن يەنىلا دېھقانچىلىقىمنى قىلاي ... بوۋاي ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سىنچىلاپ قاراپ قالدى.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

مۇرات

# چىگىت

(ھېكايە)

بۇ دىرېكتورنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمنى ئىزدەپ 7 - قېتىم كېلىشى ئىدى. ئۇ ئىشكنى ئېھتىيات بىلەن چېكىپ، ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن ئىشخانىغا كىردى. دىرېكتورنى كۆرۈپ مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ سەپرايى يەنە ئۆرلىدى بولغاي، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئاچچىق بىلەن سورىدى:

— نېمە ئىش؟

— چىگىت تەقسىماتى ...

— نېمىگە ئالدىرايسىز؟ — دىرېكتورنىڭ گېپىنى بولدى مۇئاۋىن ھاكىم، — سىزگە نەچچە قېتىم دېدىم. بۇ خاس سىلەرنىڭ چىگىتلەرنى تېزراق سېتىپ چىقىرىپ، بانكا قەرزلىرىنى تۆلەش ئىشى ئەمەس. بەلكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش، ئاشلىق سىستېمىسىنى، بىرزا - بازار ياغ زاۋۇتلىرىنى خام - ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، شاللىق رايوننى كۆنجۈرە بىلەن تەمىنلەشكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. بۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىش، بۇنىڭدا ئالدىراپ - سالدىراپ ئىش كۆرگىلى بولمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن كۆزدىن ياغقان قاتتىق يامغۇر چىگىتلەرنىڭ نەملىكىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ئالمادىسى بىرەر چاتاق چىقىپ ...

— بىلىمەن، بۇ ئىشقا مەن سىزدىن بەكرەك ئالدىراۋاتىمەن، سىز قايتىپ تۇرۇڭ، مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ، تەقسىمات پىلانىنى ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن.

دىرېكتور سالپايغان پېتى چىقىپ كەتتى. مۇئاۋىن ھاكىم چوڭ بىر تىنىۋالدى - دە، تارتمىسىدىن بىر دۆۋە جەدۋەللەرنى ئېلىپ، كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. بۇ ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى تۈزگەن، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ تەستىقلاپ چۈشۈرگەن چىگىت تەقسىمات جەدۋىلى ئىدى. بۇ جەدۋەل دىرېكتورنىڭ قولىغا ئۆتۈپلا كەتسە، ئىككى ھەپتىگە قالمايلا نەچچە يۈز مىڭ توننا چىگىت ئۇچۇپ كېتەتتى ... «ياق بۇ مېنىڭ قولۇمدىكى بىر پارچە لوق گۆش — ئويلىدى مۇئاۋىن ھاكىم — تەمىنلەش باھاسىنىڭ ئەڭ تۆۋىنى كىلوسى 3 موچەن، ئەڭ قىممىتىنىڭ كىلوسى 6 موچەن، ھازىر بازاردىكى چىگىت باھاسى 1.2 يۈەن. دېمەك، ئەڭ قىممىتىمۇ بازار باھاسىدىن 1 ھەسسە ئەرزان، نەچچە يۈز مىڭ توننا چىگىت، بىر كىلودا بىر موچەندىن قالسىمۇ ...»

× × ×

باھار بايرىمى ئۆتۈپ كېتىپ، ھاۋا ئىللىشقا باشلىدى. پاختىلارنىڭ چىگىتلىرى پۈتۈنلەي ئايرىپ بولۇندى. پاختا زاۋۇتىنىڭ چىگىت ساقلاش مەيدانىغا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن، نەچچە يۈز مىڭ توننا چىگىتنىڭ بىر دانىسىمۇ ئۇيان - بۇيان بولمىدى. دىرېكتور بۇلارنى مەر قېتىم ئويلىغىنىدا ئىچى تىتىلداپ بىر يەردە تۇرالمايلا قالاتتى. ھەر يىلى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن تەقسىمات چۈشۈپ، چىگىتلەر

www.uyghurkitap.com



پۇتۇنلەي چىقىم قىلىنىپ بولاتتى. مانا 3 - ئاي كىرىپ قالدى. نېمىشقا تېخىچە — ھەي! نېمە ئامال؟ بىزنى كارخانا دەيدۇ - يۇ، تىجارەتنى مۇستەقىل قىلغىلى قويمايدۇ. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ بانكا ئۆسۈمىدىلا نەچچە تۈمەن يۈەن زىيان تارتىدىغان بولدۇق.

دىرېكتور ئىشخانىسىدا شۇلارنى خىيال قىلىپ، تازا تىتىلداپ ئولتۇرغىنىدا، ئامبارچى كىرىپ كەلدى - دە، ئاغزىنى دىرېكتورنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— بىرى مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ بىر پارچە خېتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ، خەتتە ئۇنىڭغا ئەڭ ئەرزان باھادا بەش يۈز توننا چىگىت بېرىشنى يېزىپتۇ، قانداق قىلىمىز؟

— كىمكەن ئۇ؟

— ھەر يىلى باشقىلارنىڭ قولىدىن تەمسىنلەش تالونلىرىنى سېتىۋېلىپ، چىگىت يۆتكەپ ساتىدىغان ھايانكەش.

دىرېكتور بىر ھازا دىلىغۇل بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ دېدى:

— بىرەيلى، بىزگە ھازىر چىگىتلەرنىڭ تېزرەك قولدىن چىقىپ كەتكىنى ئەۋزەل، سىز ھاكىمنىڭ خېتىنى ئوبدان ساقلاپ قويۇپ، تالون كېسىپ بېرىڭ، — ئامبارچى چىقىپ كەتتى. دىرېكتورنىڭ قورسىقى تېخىمۇ كۆپۈپ كەتتى.

قېنى بۇ ناھىيىنى چىگىت، ماي، كۈنجۈرە بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەش پىلانى؟ ماي زاۋۇتلىرى ئىشتىن توختاپ كەتكىلى نەچچە ئاي بولۇپ قالدى. بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟ ناھىيەرەھبەرلىرىمىزمۇ ئەشۇنداق … ھەي! ئۆتكەن يىلى مەن بىرسىگە 10 توننا چىگىت بەرسەم، رېۋىزىيەئورۇنلىرى 6 ئاي تەكشۈردى. ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ مەيلىلا، چىگىت تېزرەك قولدىن چىكەتكەنگە شۈكرى قىلغان تۈزۈك، ھېلىمۇ چىگىتلەرنىڭ دۆۋىلىنىپ ياتقىنىغا يېرىم يىل بولاي دەپ قالدى …'

ئاردىن بىرەر سائەتچە ئۆتۈپ، ئامبارچى چىرايى ئۆڭگەن ھالدا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى - دە، ۋارقىراپ دېگۈدەك ئەھۋال مەلۇم قىلدى:

دىرېكتور، ئىش چاتاق، چاتاق چىقتى، چىگىت دۆۋىسىنىڭ ئىچكى قىسمى سېسىپ قارىداپ كېتىپتۇ.

— نېمە؟ — دىرېكتور ئولتۇرۇۋاتقان لۆم - لۆم ئورۇندىقىدىن چايان چېقىۋالغاندەك چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— شۇنداق، پەقەت سىرتىدىن 30 — 40 سانتىمېتىر قىسمىلا ساق، ئىچكى قىسمى پۈتۈنلەي سېسىپ كېتىپتۇ.

دىرېكتور بىرەر نەرسىنى خىيال قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، چىگىت ساقلاش مەيدانىغا قاراپ چاپتى.

× × ×

ئاردىن 4 ئاي ئۆتۈپ كەتتى، دىرېكتور «مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، شىركەتنىڭ نەچچە يۈز مىڭ توننا چىگىتىنى سېسىتىۋېتىپ، دۆلەتكە زور زىيان سالغان» لىقى ئۈچۈن، خىزمىتى توختىتىپ قويۇلدى. زاۋۇت باشلىقى ۋە ئامبارچىغىمۇ تېگىشلىك جازا بېرىلدى. مۇئاۋىن ھاكىم بولسا سېسىپ كەتكەن چىگىتلەرنى ھەر قايسى ياغ زاۋۇتلىرىغا تەقسىم قىلىپ كۈنجۈرە ئىشلەپچىقىرىپ، «شاللىق رايوننى كۈنجۈرە بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش» ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش، لېكىن ئۇ شال مايسىلىرىنىڭ ئاللىقاچان ئۇنۇپ قىردىن ئېشىپ بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئابلىكىم ئابلىمىت

## ئاددىي ۋەقە، ئۆزگىچە ئىپادىلەش

«ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغانلار» توغرىسىدىكى گېزىت خەۋەرلىرى ۋە ھەر خىل ژانىردىكى مەدھىيەلەرگە قۇلاق كۆنۈكۈپ، سەزگۈلەر تەۋرىمەس ھالغا كېلىۋاتقاندا، يەنە شۇ «ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغانلار» غا بارىكاللا ئېيتىلغان ئەسەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى يېڭىلىق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 98 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئېشىپ قالغان بىر نامرات» ناملىق ھېكايىنى «ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغانلار» توغرىسىدىكى ئاددىي ۋەقەلىكنى ئۆزگىچە كۆزىتىش، بايان قىلىش، ئىپادىلەش ئارقىلىق، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان، يېڭىلىق تۇيغۇسى بېرىدىغان، ھەقىقىي ئەدەبىي ئەسەرگە خاس پېرسوناژ خاراكتېرى يارىتىش ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي ـ پەزىلىتىگە مەدھىيە ئوقۇغان ياخشى ھېكايە دېيىشكە بولىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە نېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئەمەس، قانداق يېزىش، ئىپادىلەش، ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى مۇھىم. «قانداق يېزىش» تىن ئىبارەت بەدىئىي پرىنسىپىنىڭ، ئەدەبىياتنى مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقى ئەڭ ئاددىي ئەدەبىي ساۋات ۋە پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. بەزىلەر «كونا خاماننى سورۇش»نى ياقتۇرمىسىمۇ، ئەمما «كونا خامان»، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلۇق. «كونا خامان»، دىن يېڭى «ھوسۇل» ئالىدىغانلارنى ماختاشقا بولىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا،ئەزەلدىن تېما مەڭگۈلۈككە ئىگە. بىراق ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىپادىلەش ھامان يېڭىلىق، ئۆزگىچىلىك تەلەپ قىلىدۇ. «ئېشىپ قالغان بىر نامرات» بولسا دەۋر روھىنى دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرگەن، «كونا خامان» دىن سۈزۈۋېلىنغان يېڭى «ھوسۇل»، ئۆزگىچە تەمگە ئىگە شېرىن مېۋە، ھېكايىدە قويۇق ھېسسىي كەيپىيات يارىتىلغان. رەڭدار سەھرا سىماسى، كۆپ قىرلىقتا ئىگە كىرىم كىرپە، تويغا ياساندۇرۇلغان جۇۋانغا ئوخشاپ قالغان ھاللىق سەۋىيە، قۇمساڭغۇ تۇپا قاتلىمىغا چۆكمە بولۇۋاتقان مەدەنىيەت، ئاجىز پىسىلداۋاتقان مىللەت ئېڭى، مۇنقا ئۆگەنگەن تويماس كۆز ... قويۇق تراگېدىيىلىك ئەدەبىي مۇھىت ھاسىل قىلغان.

ھېكايىدا پەردازلانمىغان ھەقىقىي ئادەم تەسۋىرلىنىپ، كېرىم كىرپە، «مەن» ۋە باشقا كەنت كادىرلىرىنىڭ قېلىپسىز ئادىمىي خاراكتېرى خاسلىقتا ئىگە قىلىنغان. ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى قېزىپ بېرىلگەن. «تەشكىلنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان، ئەقىل كۆرسەتسە ئاڭلىمايدىغان، جاھىل، قاراشلىرى چۆيۈندەك قاتمال»، «قەرز ئوغۇل بالىنىڭ بويىندىكى سىرتماق» دەپ قارايدىغان، باللىرىنى ئوقۇتۇپ ئىختىساس ئىگىسى قىلىشنى ئويلايدىغان، «ئېشەكتەك جاھىل، بەگزادىدەك پوچى، ھاكاۋۇر ...»، بۇلار ئېشىپ قالغان نامرات — كېرىم كىرپىنىڭ مىجەز خاراكتېرى، كېرىم كىرپىنىڭ تەبىئىتىدىكى بىر ـ بىرىگە قارشى كېلىدىغان، يۇملاق روھىي ھالەت ۋە بۇ خىل «يۇملاقلىق» نى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان بايان، تەسۋىر، دىئالوگ، مونولوگ ۋاستىلىرى، بولۇپمۇ كادىرلار تىلىدىن، كېرىم كىرپىنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش ھېكايىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ۋاستىلىق يارىتىش مۇشۇ ھېكايىگە خاس يېڭىلىق بولمىسىمۇ، ئاپتور بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق بىرلا ۋاقىتتا ھەم كېرىم كىرپىنىڭ، ھەم كادىرلارنىڭ خاراكتېرىنى سۈرەتلەپ، ھېكايىنى ئىخچاملىقتا ئىگە قىلغان. كېرىم كىرپە ئۆزىگە خاس روھىي دۇنياغا ئىگە پېرسوناژ، ئۇنىڭ دۇنياسىدا روھىي بايلىق، ماددىي بايلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ۋىجدان، غۇرۇر، پاكلىقنى ھاياتلىقتىكى ئەڭگۈشتەر قىلىپ، ئۈمىد بىلەن ھالال ياشايدۇ. رېئاللىقنىڭ بېسىمى، تۇرمۇشنىڭ جەۋرى ـ جاپاسى، نامراتلىقنىڭ ۋەھىمىسى ئۇنى ئېتىقادىدىن ئازدۇرالمايدۇ. ئۇ شۇنداق ئويچان، تەمكىن، ئىسيانكار، لاي سۇدەك ئېغىر ئادەم، ئۇنىڭ بۇ خىل روھى كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ.

كېرىم كىرپىنىڭ «ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان» خاراكتېرىنىڭ ئەكس تەرىپىدە، دۆلەت كىرىبى چۈشۈرۈلگەن خەلق پۇلىنىڭ ئاياغ ئاستىدا قېلىشىنى خالىمايدىغان «مەن» ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. «مەن» ئوبرازى كېرىم كىرپە ئوبرازىغا ئوخشاشلا، چىن ئىنسانغا خاس يارىتىلغان. «مەن» كۆزەتكۈچى، بايانچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەر بىر تەپسىلاتتا خاراكتېرىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە ئاجىزلىقنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. «مەن»

تەسىر ۋە باھا

www.uyghurkitap.com



نى ئەتىئەنۋى ئوبراز تەھلىلى بويىچە، سەلبىي ياكى ئىجابىي دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا سەھراغا بولغان مۇھەببەت، دېھقانلارغا ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش، مەسىلىلەرگە ھەققانىيەت بىلەن قارايدىغان كۆز بار. شۇنداقلا ئەمەلدارغا خاس كىبىر، يۇقىرىغا ياخشىچاق بولۇشنى ئويلايدىغان، پۇل ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىدىغان خۇيى بار. كېرەم كىرپە ۋە «مەن» خاراكتېرىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىقلار ئۇلارنى مۇكەممەل ئوبرازغا ئايلاندۇرغان. بىز ئوبرازلارنى كۆپ قىرلىقتا ئىگە بولۇشنى تەشەببۇس قىلساقمۇ، قېلىپتا ياسالغان ئادەملەر زور سالماقنى ئىگىلەپ، ئەدەبىياتنى ئىنسان روھىدىن، تۇرمۇشتىن يىراقلاشتۇرۇش ئېغىر بولدى. بۇ ھېكايىدىكى پېرسوناژلار قېلىپتىن خالى، ئەركىنلىككە ئىگە بولۇپ، ھېسسىياتلىق ئادەملەرگە ئوخشايدىغان ھەققىي خاراكتېردىكى پېرسوناژلار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى كۆپ قىرلىقتىن باشقا، ھېكايىدىكى كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە تەسۋىرلەشتىكى يېڭىلىقنى يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئاپتور تەبىئەت تەسۋىرى ۋە ھەرىكەت تەسۋىرىدە، كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئادەم كۆزىدىن ئېلىكامىرانىڭ كۆزىگە يۆتكەپ، سەھرانىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى ھەرىكەتچانلىقتا ئىگە قىلىپ، تېلېۋىزىيە كۆرۈنۈشى تۈيغۇسى شەكىللەندۈرگەن. يولدا كېتىۋاتقان ھالەتنى خۇددى تېلېۋىزوردا كۆرگەندەك ئوبرازلىق، جانلىق، كونكرېت سۈرەتلەپ، كىتابخانلاردا چىنلىق سەزگۈسى ھاسىل قىلغان. بىز تۆۋەندىكى تەسۋىرنى كۆرۈپ باقايلى: «... غازاڭ، توك تېزەك، چاۋا ـ چاتقال، توپا ـ تۇمان ئارىلاشقان شېغىللىق يول ئايغىمىز تېگىدە شىرىقلايتتى. كېرەم كىرپىنىڭ شادلىق ئەگۈنى بىزگە يېقىنلاپ كېلەتتى. كۆزۈمگە نېمىدۇر بىر نەرسە كۆرۈنگەندەك بولدى. يەرگە، ئاشۇ شېغىللىق يولغا قارىغان بولسام كېرەك، غازاڭ، قومۇش پاسىرىنىڭ قىلىچسىمان ياپراقلىرى، يانتاق تىكەنلىرى، توك تېزەك ۋە شېغىل ئارىسىدىن كۆرۈپ قالدىم. مېڭەمگە شۇ نەرسىدىن ئىنكاس قايتىپ، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغۇچە، پۇتلىرىم ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى. كەنت كادىرلىرى كەينىمدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتاتتى، توختاشقا ئامال يوق ئىدى، ئۆتۈپ كەتتىم».

بىز بۇ تەسۋىرلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، تېلېۋىزوردىن تېز ئۆتۈۋاتقان كۆرۈنۈشنى كۆرگەندەك بولىمىز. ئاپتور ھەرىكەتتىكى كۆرۈش سەزگۈسى چىنلىقى بويىچە تەسۋىرلەش ئېلىپ بېرىپ، پېرسوناژلار ھەرىكىتىگە ماس ھالدا، كىتابخانلاردا تېزلىك تۈيغۇسى قوزغايدۇ. بۇ ھېكايىچىلىقىمىزدىكى كۆزىتىش، كۆزەتكەن بويىچە تەسۋىرلەش جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەردە قوللىنىلغان تىلنىڭ پىسخىك كەيپىياتىدىن مەلۇمكى، ئەسەردە بىر خىل غېرىپ، مىسكىنلىك، ئېچىنىش، غۇربەتچىلىك قاپلىغان سەھرا مۇھىتى يارىتىلغان. يىلسېرى ئىلگىرىلەۋاتقان يېزىلار تاشقى قىياپىتى بىلەن ئىچكى نامراتلىق، دېھقانلارنىڭ تالجىققان جىسمى، سولغۇن روھى ئاپتورنىڭ تەسۋىرلەش، بايان قىلىش ئۇچۇن ئىشلەتكەن تىلىدىن يوشۇرۇن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ تىل قاتلىمىغا مەنادىن سىرت، ئۆزىنىڭ پىسخىك ئاڭ پائالىيىتىنى سىغدۇرۇشى ھېكايىنىڭ بەدىئىي كەيپىياتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان.

ھېكايىدا «مەن» نىڭ پەقەت بايان قىلغۇچى ئورنىدىلا تۇرۇۋالماي، ئەسەرگە بىۋاستە ئارىلىشىپ، كېرەم كىرپە بىلەن تەڭ ئورنىدا تۇرۇشى، باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل كۆرۈش بۇلۇڭىدىن كۆزىتىپ ۋە بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قالغانلىقى ھېكايىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئاپتورنىڭ بايانچىنىڭ ئورنىنى مۇۋاپىق ھالدا مۇقىملاشتۇرۇشى، پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردىكى بايانچىنىڭ ئورنى مەسىلىسى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى.ئەدەبىياتىمىزدا بۇ مەسىلىگە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئەھمىيەت بېرىلمىدى. ئىجادىيەت نەزەرىيىسىدە مۇھاكىمە چوڭقۇر بولمىدى. ھازىرچە بۇ مەسىلە ئۈستىدە كونكرېت توختالمايمەن. ئەمما تەلەپ شۇكى: بايانچىنىڭ ئورنى مۇقىم بولۇشى، «بىلەرمەن ئەۋلىيا» بولۇۋالماي، ئەسەردىكى مەلۇم بىر پېرسوناژنىڭ كۆزى، قۇلىقى، تەپەككۇر ئورگىنى سۈپىتىدە ئەسەرگە ئارىلىشىپ، ئەسەرنىڭ بايان چىنلىقىنى ساقلىشى كېرەك. تەۋەككۇل تۇردىنىڭ بايانچىنىڭ ئورنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان، بۇ خىل ئىپادىلەشنى ئۈلگە قىلىشقا بولىدۇ.

قىسقىسى، ئاپتور تەۋەككۇل تۇردى بۇ ھېكايىسىدە كۆپ قىرلىق پېرسوناژ خاراكتېرى، يېڭىچە تەسۋىرلەش، مۇۋاپىق بايان شەكلى ئارقىلىق كۆپ قېتىم يېزىلغان تېما ۋە ۋەقەلىكنى يېڭىچە جەزبىدارلىققا ئىگە قىلغان.روشەن خاھىشچانلىق، چوڭقۇر پىكىر، ئىنچام تەپسىلاتلار ئارقىلىق دەۋر روھىنى دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى يېزا قىياپىتىنى نامايەن قىلىپ بەرگەن. دېھقانلارنىڭ ئالىيجاناپ ئەخلاقىي ـ پەزىلىتىنى مەدھىيىلىگەن. ئاپتورنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ھېكايىلەرنى داۋاملىق يېزىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

ئا. ناسىر يۇنۇس (ياۋايى)

# «قۇرۇلتاشتىكى كۆنلەر» گە بىر كەلىمە سۆز

— تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىگە

ئەجىبا قۇرۇلتاش مەن ياشاۋاتقان، مەن ئىشلەۋاتقان مۇشۇ كەنت شۇمۇ؟ دېھقانلىرىمىزنىڭ، جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن دىيارلىرىمىزدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ھال - ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، يۈرەك باغرى خۇن - زەرداپقا، كۆزلىرى قان - ياشقا تولغان دەرتمەن ۋەلىجان مەنمۇ؟!

... ئويلاپ قالدىم: ھەقىقەتنى ھەقىقىي ئىنسانىي غۇرۇر، يۈرەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ھۆرمەتلىك يازغۇچىمىز تۇرسۇنجان مۇھەممەت قاچانلاردا بىزنىڭ بۇ يۇرتلارغا كەلگەن، قاچانلاردا بىزنىڭ بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ناله - پەريادلىق، ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز ئاغزى بىلەن سىرداشقان بولغىيدىكىنە؟! قاچانلاردا مۇسا سەۋدا، نۇرۇللالار بىلەن دوستلاشقان، كازىم تاشلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىگەمبەردى مۇھەممەت، مۇرات جاپپارلار بىلەن زۇكۇنلاشقان بولغىيدىكىنە؟!. قاچانلاردا غوپۇر سېرىق، كامىللار بىلەن يېغىلىشىپ، سىردىشىپ، دەرت - ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرۇپ، قۇرۇلتاشلىقلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ، يۈرەك چىلاشقۇدەك ئېچىشكەن: قاچانلاردا مۇسا سەۋدانىڭ مىڭ - مىڭ ناله - پىغان، ھەسرەتلەر بىلەن، ئۆچكە ساقاللىق ئۇستام توغرىلىق ئېيتقان ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغان بولغىيدىكىنە؟! ...

دەر ھەقىقەت ئىشلار ئەنە شۇنداق. مەن بار يەردە، سەن بار يەردە، ئۇ بار يەردە ... ئىش قىلىپ دېھقان، دېھقان بولغاندىمۇ ساڭا، ماڭا ئوخشاش «تىلى كەمتۈك» توشقان يۈرەك، ھەممە كەلمىش - ئەتمىشنى پەقەت تەقدىر - ئىرادىگىلا باغلايدىغان، «پەم - چەمسىز، بىلىمسىز، قارا قورساق» دېھقانلار بار يەرنىڭ ھەممىسىدە، ئەسەردىكى ئىشلار بىر قېتىم، يۈز قېتىم، مىڭ قېتىم ئەمەس، كۆرمىگ - كۆرمىگ قېتىم مەۋجۇت!!.

... «— ئۆچكە ساقال ئۇستامغا ۋەزىپە چۈشۈرىدىغان تەشكىل يوقما؟

— نېمە؟ مۇساۋاي،سەن نېمشقا ھە دېسە ئۇنىڭ بىلەنلا قالسەن؟ كەنتىمىزدە بىر ئادەم ياخشىراق كۆن كۆرسە نېمە بولىدۇ؟ بەكمۇ ئىچىڭ قوتۇر، چىدىماس تازدە - سەن. ئۆزۈڭ قىلامالمايسەن. باشقىلارنىڭكىنى كۆرۈپ چىديالمايسەن. بولدى يولۇمنى توسما. گېپىڭ بولسا كېيىن قىل. مەن ھازىر ئالدىراش ...».

... «— ... پەمىچە سەن ئاشۇ بىرئادەمنى باي قىلماقچىكەنسەن - دە، كازىم تاش بىلىپ قوي،سېنىڭ قولۇڭغا ئېسىلۋالدىغىنى مەن بىرلا مۇسا سەۋدا ئەمەس. سەن قۇرۇلتاشلىقلارغىمۇ مەسئۇل بولۇشىڭ كېرەك ... ئويلاپ باق. قۇرۇلتاشلىقلارمۇ ئاز - تولا نەپ كۆرسە نېمە بولىدۇ؟ ئۆچكە ساقال ئۇستام كۆرگەن راھەتنى بىزمۇ كۆرەيلىچۇ؟ ...»

... «— پەن - چەم دېگەنلىرىڭنى قويۇپ تۇر ئاداش، ئاۋۋال ماڭىمۇ نېمە تېرىسام بولۇۋېرىدىغان بىر پارچە يەر بەر. مەنمۇ ئۇنىڭدەك سۇنىڭ باش بۇرنىنى ئىچىپ، ھاشارلاردىن خالىي بولۇپ، كۆكتاتچىلىق قىلىپ كۆرەي ...».

نېمە دېگەن ئۇلۇغ، نېمە دېگەن ھەققانىي پىكىرلەر - ھە بۇ! ... مەن بۇ يەردە بىر قاتار سەلبىي، ئەجابىي

www.uyghurkitap.com



پېرسوناژلارنى بىر - بىرلەپ سۆكۈپ، داكلاپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك قېنىدا قىلچىمۇ ئىنسانىي غۇرۇر ئارىلاشمىسى بولمىغان؛ تۇرغان - پۈتكىنى شەكىللۋازلىق، مەنسەپ، ئابرويپەرەسلىك بىلەن تولۇپ كەتكەن مۇرات جاپپاردەك ئادەملەرنى؛ سىياسەتۋاز، قورقۇنچاق، بىر ئېغىز گەپنىمۇ ئۆز ئېغىزى بىلەن دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان؛ ھېچقانداق بىرئىشنى كېسىپ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئىگەمبەردى مۇھەممەتلەرنى؛ يۇقىرىغا يامىشىش، خەلقنىڭ قان - تەرى، نالە - پەريادى بەدىلىگە تىرناقچىلىك ھوقۇققا ئېرىشىش يولىدا كېچە - كۈندۈز «ئالدىراش» يۈرۈيدىغان كازىم تاشلارنى كۆپ كۆرگەنمەن!.

... يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ئەسەر ھەقىقەتەن كىشىنى تەسىرلەندۈرگىدەك دەرىجىدە ياخشى يېزىلغان. چۈنكى ئەسەردە ھازىرقى جەمئىيەت، دېھقانلار ئەھۋالى ئەينەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بولۇپمۇ ئەسەردە ئۆچكە ساقال ئۇستام ئوبرازى يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدۇ. چۈنكى ئۇ «ئىشچان، تىرىشچان، ئەقىللىق بولغانلىقى» ئۈچۈن بىر قانچە يىلدىلا باي بولۇپ شەھەرگە كىرىپ كېتىدۇ. قۇرۇلتاشلىقلار بولسا «دۆت، نادان، ھورۇن بولغانلىقى» ئۈچۈن يىلدىن يىلغا كەينىگە مېڭىپ ھالى خارابلىشىدۇ! بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ ۋە ئۇ يەردىمۇ ئاشۇنداق «ئەقىللىق» ئۆچكە ساقاللىقلاردىن بىر قانچە يىلدىلا «لاۋبەن» بولۇپ شەھەرگە كىرىپ كېتىۋاتقانلار؛ پۇل بىلەن «ئالاھىدە بىر خىل ئىمتىيازلار» بىلەن ھەش - پەش دېگۈچە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ يۇرتنى خالىغانچە، ئۆزى بىلگەنچە سوراۋاتقانلار نۇرغۇن - نۇرغۇن! ... ئاشۇلار باي بولغان، ئوخشاش يەر - زېمىن، ئوخشاش ھاۋا، سۇ شارائىتىدا يىلدىن يىلغا ئۆلەمجان بولۇپ قېلىۋاتقان يەرلىكلەر كۆز مىڭ - كۆرمىڭ! ....

ئەجىبا باشقا جايلاردىن كەلگەنلەر شۇنچە ئەقىللىق، شۇنچە ئىشچانمۇ؟ مىڭ - مىڭ يىللاپ مۇشۇ يۇرتنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، ھاۋاسىدىن نەپەسلەنگەن يەرلىكلەر شۇنچە دۆت، ھورۇنمۇ؟!... بۇ سوئاللارغا مەنمۇ، سەنمۇ، ئۇمۇ ھازىرچە جاۋاب بېرەلمەيمىز. پەقەت: «خۇدادىن سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ كۈلاسىنى بىر كۈن بېرىپ تۇرۇشنى ياكى ئالاھىدىنىنىڭ چىرىغىنى بېرىپ تۇرۇشنى» تىلەپ، يۈرىكىمىزنىڭ چوڭقۇر قات - قېتىدىن «ئاھ» تارتىپ، نالە قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئامالىمىز يوق! راست، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئىگەمبەردى مۇھەممەتتەك ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆز قورسىقىنى تويغۇزۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى بولمايدىغان قورقۇنچاق، يۈرەكسىزلەر بولىدىكەن، بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ھەرگىزمۇ باش كۆتۈرەلمەيدۇ!.

مەن ئۇزۇن مەزگىل يېزىدا دېھقانلار بىلەن بىللە ياشاپ ئىشلىگەچكىمىكىن، دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلەتتىم. ئىچىمدە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلاتتىم! شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن بۇ ئەسەر مېنى (ئىشىنىمەنكى دېھقانلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىدىغان بارلىق يۈرەك ئىگىسىنى) ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، ھاياجانغا سالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تۇرسۇنجان مۇھەممەتتەك مۇشۇنداق ساپ يۈرەك ئۇيغۇر ئوغلىغا، مىڭلىغان ئون مىڭلىغان دەرتمەن دېھقانلارغا، دېھقانلار ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ھەقىقىي قان - تەر ئاققۇزىۋاتقان نۇرغۇن - نۇرغۇن «ۋەلىجان»لارغا ۋاكالىتەن چىن يۈرىكىمدىن رەھمەت - ئاپىرىن ئېيتىمەن! .ئاخىرىدا تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ تۆۋەنكە — ئاساسىي قاتلاملارغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ «نۇقتىغا» بېرىپ (چاقچاق) بۇنىڭدىنمۇ تەسىرلىك ياخشى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يېزىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# شېئىرلار

ئەنۋەر ھىدايەت

## بىر كەنتكە تېزىسىزما

توپا - چاڭغا مىلەنگەن كەنت،
بارچە ئادەم ياتار ئۇيقىدا.

توختىمايدۇ بىراق شاۋقۇن،
تۇرار جايى يوقمىدۇ ئۇنىڭ.

قاۋىمايدۇ ئىتلارمۇ بۇدەم،
يا ئۇلجىسى بارمۇ يېنىدا.

چاشقان قوغلاپ يۈرگەن مۈشۈكمۇ،
جىمىپ قالغان بۈگۈن كېچىدە.

مەرىمەيدۇ قوتاندا قويلار،
قورساقلىرى توقمىدۇ ئۇنىڭ.

يۈرىكىنى قۇچاقلاپ پەقەت،
كەنت تۇرار تەشۋىش ئىچىدە.

## ئايرىلغاندا يارىم سېنىڭدىن

ئايرىلغاندا يارىم سېنىڭدىن،
ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتىدى پىراق.

كاۋا تىكىسىم ھويلامغا، ئەجەپ -
كۆز بولغاندا چۈشتىمۇ قاپاق.

پىلىك - مايلار بولسىمۇ تولۇق،
ئوت ياقسامۇ كۆيمىدى چىراق.

بىلىنسىمۇ تەگىرىگە دائىم،
بوران چىقتى ئۆيۈمدە مېنىڭ.

يىقىنلاشماي ئوتتۇزغا تېخى،
كۆزلىرىمنى باستىمۇ چاپاق.

چىغىر يولدا قالدىمۇ ياياق.
چۈشلىرىڭگە كىردىمۇ مېنىڭ؟

## ۋىسال تاپقاچ سەرسان سۆيگۈلەر

قاناتلانغان تۇيغۇلار بۇدەم،
مىسكىن روھنى قىلمايدۇ ھاپاش.

ھارغىن ھېسنى كەتتى ئۇچۇرۇپ،
ئۈپۈق يىرىپ پارلىغان قۇياش.

بەلكىم ئەمدى كۆرۈنمەس زىنھار،
يېتىمسىراپ، يىغلاڭغۇ ياشاش.

ۋىسال تاپقاچ سەرسان سۆيگۈلەر،
ئىقبال كۈلۈپ قىلماقتا باغاچ.

## بالا باققۇچى قىزغا

«بالا خۇمار» ئىدىڭمۇ ئەسلى،
بالا تۇرۇپ، بالا باققۇدەك.

قانداق قىسمەت كەلدى بېشىڭغا،
ئۆيۈڭ يوقمۇ باكى ياتقۇدەك؟

## ياشاش باقى ئەمەس بەندىگە

ئۆلۈم يۈرەپ تۇرسىمۇ ماڭا،
باش قويىمدىم يىغلاپ تەگرىگە.

ئەزرائىلدىن قورقۇش نە ھاجەت،
ياشاش باقى ئەمەس بەندىگە.

## ۋەتەن

ئاسمانغا چىققىن دەپ چىلىلسا ئەيسا،
«ۋۇجۇدۇم ئۆلدى» دەپ بېرىمەن جاۋاب.

جەننەتنىڭ ھۇزۇرى نەكرەك ماڭا،
ئانا يەر باغرىڭنى قىلمىسام تاۋاپ.

**مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن**

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

# شېئىرلار

## تۇغۇلۇش خاتىرىسى

يىگىرمە ئالتىنچى مارت كۈنى ئاخشام،
يېڭى ئاي بالقىدى ئۇپۇق سەتھىدە.
چېچەكلەر بەھرىدە يۇلقۇندى قۇياش،
سەبىيلىك سۈيۈلدى تەگرى مېھرىدە.

يۇرەكلەر چوغلاندى كۆلكىلەر يامراپ،
قىز مېھرى قاپلىدى جاھاننى شۇ دەپ.

پەردىسى قايرىلدى شېرىن ئازابنىڭ،
تۇغۇلدى سۆيۈملۈك ئوماق پەرىشتەم.

مۇقەددەم ئوتتۇز يىل قۇتلۇق ئاشۇ كۈن،
باشلانغان سېنىڭدىن مەڭگۈلۈك باھار.
ئوتتۇز تاڭ ۋەسلىڭدىن ئالغاندا ئەندىز،
ئاتالدى لېرىكام ساڭا ئەي دىلدار.

## ھىجران تۈنى

يوپۇرماق بوپ تۆكۈلسەم لەپ ـ لەپ،
ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاق كۆزۈڭگە.
شىلدىرلىغان كۈيۈڭگە قوشۇپ،
بارارسەنمۇ باشلاپ قەلبىڭگە.

شەبنەم بولۇپ مەڭزىڭگە تامسام،
لەۋلىرىڭنى قويامسەن تامشىپ.
زىننىقىڭدا ئۈمچەيگەن ۋىسال،
ئۈمىدلەرگە بۇلارمۇ نېسىپ.

شامال بولۇپ ساچىڭنى ئويناپ،
كۆكرىكىڭدە سۇ بولسام لەرزان.

تۈنلىرىڭدە پارلىسام تاڭ بوپ،
چۈشلىرىڭدىن بالقارمۇ تۇمان.

تامچىلىسام كۆزۈڭدىن ياش بوپ،
يۇيۇۋەتسەم ئازابلىرىڭنى.
قاشلىرىڭغا بولسام ئەگىم ئاي،
چېكەرسەنمۇ رۇجەكلىرىمنى.

باھار بولۇپ قىلسام تەبەسسۇم،
ئېچىلسام گۈل بولۇپ ھۆسنىڭدە.
ئوتقا چۈشكەن قەتلى قار كەبى،
ئېرىپ كەتسەم سېنىڭ كۆكسۈڭدە.

## كۆيۈك سۈكۈت

لەۋلىرىڭگە بولۇپ ئىنتىزار،
كۆيمەكتىمەن سۈكۈت ئوتىدا.
كۆز يېشىمغا چىلاشقان چۈشلەر،
چايقالماقتا ۋىسال ئىشقىدا.

يۇرۇكۇمگە يوق ئىزگۇ ئارام،
يۇرمەكتىمەن ھىجران باغاشلاپ.
خىياللاردىن تاپتىم تەسەللى،
تەنھالىقىم سۆيۈنگەن ئازاب.

سۆيۈپ قۇيار مەگزىمگە شېئىرىم،
يۇرۇكۇگدە قالغاندا تۇنەپ.
ئىزلىرىگدىن كېتىپ بارىمەن،
يېتىم قالغان سۆيگۈمنى سۆرەپ.

باغچا، دوقمۇش تونۇش ھەممىسى،
ئەسلىمەمگە سىڭمەكتە قايتا.
نىگاھىڭدا كۆيگەن تىنىقتىن،
قاڭقىپ چىقار ياپ - ياش لېرىكا.

**كامىلجان ھەسەن**

# شېئىرلار

## ئانىلارنى مەدھىيلەش

سەن ماڭا قۇتلۇق ۋەتەن قوي كۆزلىكىم،
ياپپېشىل سۇلماس چىمەن، قوي كۆزلىكىم.

سەن يارالغان تاڭدا شەبنەم قەلبىدىن،
زەررىچە يوقتۇر ئېۋەن، قوي كۆزلىكىم.

رۇس، ياپون، خەنزۇ، ئەرەب، ھىندى گۈلى،
ۋاھ ئەمەس سەندەك لىۋەن، قوي كۆزلىكىم.

قۇش بولۇپ ئۇچسالڭ سامادا كۈندۈزى،
كېلىسەن تۈن چۈش بىلەن قوي كۆزلىكىم.

كۈيلىرىم مەشرەپسىمان ① كۈيلەر راۋان،
ئوت بولۇپ ئىشقىڭدا مەن قوي كۆزلىكىم.

## باھار پەسلىنىڭ يىغىرىنى تاتىلاش

ياپپېشىل كۆكلەمسىمان ياغماقتا قار،
ئىشقىدىن لەگلەپ قىيان ياغماقتا قار.

خۇلقى بار ئاسماندا قىزنىڭ رەنجىگەن،
تەرلىتىپ گىلرەڭ تۇمان ياغماقتا قار.

لەۋلىرى نەملەشتى ئاقتىن ھەممىنىڭ،
قىشتا ياز چىللاپ ھامان ياغماقتا قار.

سۆيلىتىپ روجەك يۈزى بولماقتا مەس،
ۋەسلىنى ئەيلەپ بايان ياغماقتا قار.

تۆگلەر كىرپىكلىرى شاش چايقىلار،
يارىتىپ ئۆزىگە جاھان ياغماقتا قار.

## ئۆزىنى ئاڭقىرىش

(مۇھەممەت سالىمغا بېغىشلايمەن)

مەن ئۆتۈپ كەتكەن باھارنىڭ ناخشىسى،
مەن توپان يىتكەن چىنارنىڭ ناخشىسى.

كىرىمەن لەھزەگدە سەرسان قان يۇتۇپ،
مەن قېنىپ بولماس خۇمارنىڭ ناخشىسى.

ئالقىنىڭ چوغ بولسا شۇكەن دەپ چۇشەن،
مەن ئەبەد ئىشقى قارارنىڭ ناخشىسى.

تەمى بار كۆكسۇگدە جەزمەن قىل خىيال،
مەن داۋا بولغان ئانارنىڭ ناخشىسى.

ئېيتىلىپ ئۈنسىز كىزەرمەن دىلمۇ - دىل،
مەن يوچۇن پۈتكەن تۇمارنىڭ ناخشىسى.

---

① ① شائىر مەشرەپنى كۆرسىتىدۇ.

## ئازابنى يۇتتۇم

تۇمانلار باغرىغا شۇڭغۇپ ناۋا قىلدىم،
چېچەكلەر چېھرىنى چۆلگە داۋا قىلدىم.

پېيىم پەرۋازلىرى سەلكىن تۇغۇپ بەردى،
ئۇنى جەننەتتىكى خۇشبۇي ھاۋا قىلدىم.

جۇدۇن تىترەكلىرى چاقتى رەھىم قىلماي،
تىلەكلەر جىلۋىسىنى راس لاۋا قىلدىم.

ھەسەتلەر بۇزدى چاڭگامنى ئېتىپ بومبا،
ئۆزۈمنىڭ قەلبىنى ئاخىر ئۇۋا قىلدىم.

مەرەزلىك گۈللىرى يازغا چىقىنغاندا،
بۇيۇك پاكلىقتا دۇنيانى گۇۋاھ قىلدىم.

## ئوت تۇتاشتۇرۇش ۋە ئۆچۈرۈش

كېلىمەن ھوجراڭغا جەزمەن تاڭ بولۇپ،
ياكى تاڭغا ئىنتىزار ناخشاڭ بولۇپ.

سىڭىمەن ھەر بىر ھۇجەيرەڭ باغرىغا،
زەبەر دەست قىممەتكە تولغان ئاڭ بولۇپ.

قونىمەن ھويلاڭدا گۈل سەلكىنىگە تەڭ،
قىسمىتى ئامەتكە رەڭداش چاڭ بولۇپ.

كېتىمەن كەلمەكلىكىم قىلسا مالال،
ئەڭ گۈزەل چۈشلۈك ئوماق ئۇيقاڭ بولۇپ.

قالىمەن مەلەڭدە ئىسمىڭ، بوپ پەقەت،
ھەممىگە خۇش ياققۇچى داۋراڭ بولۇپ.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

— **مەمەتكېرىم سېدىر**

# ئىككى شېئىر

## پىنھاندىكى ھېسلار

(1)

كۈلۈپ ئۆتسەم دېيتتىم جاھاندىن،
سۆيگۈ ئۈچۈن كېچەتتىم جاندىن.
خۇشاللىقتا ياندىشكەن ھەسرەت،
ئېزىپ كەتتى سۆيگۈ نىشاندىن.

ئېزىپ كەتتى سۆيگۈ نىشاندىن،
ئەسلا ۋاپا كەلمەي جاناندىن.
مىڭ جاپادا سىڭدۈرسەم مېھنەت،
چەش چىقمىدى ئاشۇ خاماندىن.

چەش چىقمىسا مەيلى خاماندىن،
تامايىم يوق پاخال - ساماندىن.
ئەقىدەمنى باسسىمۇ زۇلمەت،
مەن كەچمەيمەن غۇرۇر - ۋىجداندىن.

مەن كەچمەيمەن غۇرۇر - ۋىجداندىن،
قۇرۇق قالسام مەيلى ئاش - ناندىن.
بولدى ماڭا مەڭگۈلۈك ئىبرەت،
كۆتمەي ئەمدى سەندەك «مېھمان» دىن…

(2)

ئۆتۈپ كەتتى ئون توققۇز باھار،
كىرىپتىمەن ئون توققۇز ياشقا.
يۈرۈكۈمدە سۆيگۈ يالقۇنى،
سۆيگۈنۈمنىڭ سۆيگۈنى باشقا.

ئۆتۈپ كەتتى ئون توققۇز ياز ھەم،
گۆدەكلىكىم كەتتى يىراقلاپ.

كۆز شاملى كېلىپ باھاردا،
ياپراقلىرىم چۈشتى شاراقلاپ.

ئۆتتۈپ كەتتى ئۇن توققۇز باھار،
يازنى بىلمەي كۆردۈم قارا قىش.
شۇئىرغاندا قالدىم يالىڭاچ،
مۇز يۈرەكتە يۈزمىڭ كەچۈرمىش.

مۇز يۈرەككە باھار چىللايمەن،
يىگىرمىنچى باھارنى كۆزلەپ،
قاچانغىچە ھەسرەت يۇتارمەن،
چۈشتەك ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ؟...

## قالدى - قاتتىلار ...

نەدە قالدى قەسەم - ۋەدىلەر؟
كۆتىرىلدى دىلدىن مۇھەببەت.
مېھرى - ۋاپا ئۇتلىرى ئۆچۈپ،
«چىن سۆيگۈ» مۇ بۇيقالدى قىسمەت.

ۋىسال ئۈچۈن چەككەن ئازابلار،
رۇجىكىمدىن ئۇچماقتا رەت - رەت.
ھىجران تولغان يۈرىكىم دەيدۇ-
«ئاق يول بولسۇن تۇنجى مۇھەببەت»...

سېنىڭ ۋەسلىڭ مېنى ھەر دەقىقە،
مەجبۇرلايدۇ مەستخۇش قاۋاققا.
ئىشقىڭدا مەن ئۆرتەنمىسەم گەر،
مەيلىم يوقتى ئاچچىق هاراققا...

**تۇرغۇن كەنجى**

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

# ئاھ، يۈرىكىم دەرتىنىڭ ئۇۋىسى

## يېلىنىپ سوراش

ئېيتىپ بەرگىن ئەي كۆكۆل يىغلاپ بېرەي كىملەرگە،
قاقشال بولغان يۈرەكنى جىڭلاپ بېرەي كىملەرگە.
گۈل - گۈلىستان باغلىرىم، تولۇپ كەتتى تىكەنگە،
تىكەن پاتقان بىلەكنى سىپاپ بېرەي كىملەرگە.
خەقتىن كەلسە شۈكرى دەپ تەقدىرىمگە بۇ تىنىم،
قاسراق باسقان لۆمىنى شوراپ بېرەي كىملەرگە.
ئۆپكە شىلىپ قۇيرۇق دەپ ساتقان كىشى ئەمەستىم،
خازان بولغان گۈلۈمنى پۇراپ بېرەي كىملەرگە.
قىسمەت دېگەن ئادەمنى تاسقايدىكەن خىلمۇ - خىل،
بۇ ئېغىزدىن كەتكەننى بوزلاپ بېرەي كىملەرگە.

## مەخپىيىتىنى دەپ قويۇش

ئۇتنىمۇ يالماپتىمەن ھەي پۇلنى دەپ،
جان تىكىپ تالماپتىمەن ھەي پۇلنى دەپ.
ئىشلىتىپ نەپسىم ئۈچۈن كۆپ مىكرىنى،
ھېچقاچان چانماپتىمەن ھەي پۇلنى دەپ.
كور بولۇپ ماڭدىم رەزىللىك يولىغا،
ئارقىغا يانماپتىمەن ھەي پۇلنى دەپ.
گىدىيىپ ئۇلماي كۆزۈمگە ئۆزگىنى،
تىرەمگە مەن پاتماپتىمەن ھەي پۇلنى دەپ.
ئار نومۇس، ۋىجدان، غۇرۇرغا پۇت قويۇپ،
تىچقىنا، ياتماپتىمەن ھەي پۇلنى دەپ.
ھەممىگە كەردىم غۇلاچ ئامەتمۇ يوق،
تەگرىدىن قاقشاپتىمەن ھەي پۇلنى دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئەپسۇسلىنىش

ئالا كۆڭۈلگە سىر بېرىپ قاتتىق بېشىم،
ئەمدى دەرتسىزبولمىدى ساقتىق بېشىم.
كۆلكىسى يالغان سۆزى ھەمساختىغا،
توردىكى يەمچۈك مىسال پاتتىق بېشىم.
ئىستىدىم ساپدىل كىشلەر نەدىدۇر،
كۆكتىكى مۆلدۈر بىلەن ئاقتىق بېشىم.
بىر ماڭا ئايدەك روشەندۇر ھەممىسى،
پىژغىرىم ئىسسىقتا مۇزچاچتىق بېشىم.
لەۋ يالاشتا ھېسلىرىم ئەگدى بويۇن،
بىر ۋىسال قۇچماق ئۈچۈن چاپتىق بېشىم.

## تەربىيە بېرىپ قويۇش

كۆڭۈل ئىزدەپ تۇرىۋەرمە كۆڭۈلچەك،
پاتقاقلارغا چۆكۈۋەرمە كۆڭۈلچەك.
كۆلگەنلەرنى دوستۇم مۇشۇ دەپ يۈرۈپ،
ئىچ سىرىڭنى تۆكۈۋەرمە كۆڭۈلچەك.
نامەرت دېگەن دادىسىنمۇ پۇتلايدۇ،
بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋەرمە كۆڭۈلچەك.
ھايات دېگەن ئېقىن بىلسەڭ دولقۇنلۇق،
ياشلىقىنلا كۆرۈۋەرمە كۆڭۈلچەك.
كىم بەدەلسىز چېكىسىگە گۈل قىستى،
بولدى لاپنى ئۇرىۋەرمە كۆڭۈلچەك.

## مەنسىتمەي تۇرۇش

مەيلى گۈلۈم ئېچىلمىسا كېرەك يوق،
ئىقبال تونۇم پىچىلمىسا كېرەك يوق.
پاناھ، دېيمەن نائەھلىنىڭ ئىشىغا،
ياخشىغا داغ چېپىلمىسا كېرەك يوق.
داۋان دېگەن دوقمۇشلاردا بەك تولا،
يۈرەك دەرتتىن يېرىلمىسا كېرەك يوق.
كاتتىلارغا بېلىنىپ دەرت تارتمايمەن،
نېسۋەمگە ئوت يېقىلسا كېرەك يوق.

## بىھۇدە ۋايساش

كۆتۈلۈك سىنىنىڭ راستىنلا ئوچۇق ئىكەن پىتىنخور،
تىلىنىڭ ھەقنىڭ ئالدىدا تۇتۇق ئىكەن پىتىنخور.
شۇم ئىتلارنىڭ زاتىدىن ئۆگەندىڭمۇ خۇي ـ قىلىق،
ساڭا ياتنىڭ چۇمۇچى قوشۇق ئىكەن پىتىنخور.
ھايات ساڭا ھەمىشە تاتلىقىنى بېرەمدۇ؟
ياخشىلارنىڭ يوللىرى توسۇق ئىكەن پىتىنخور.
كۆنۈلۈك تۇغار يېڭى كۈن نۇۋەت بىلەن ئالمىشىپ،
كۆڭلۈلۈك قارا، يۈرىكى پۇچۇق ئىكەن پىتىنخور.
زەر قۇياشقا كۆل چاچما نۇرلاندۇرغان زېمىننى،
يىگىنىڭنى بىلدىڭمۇ قۇسۇق ئىكەن پىتىنخور.

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

چوپانى

## غەزەللەر

1

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى بىرلە ئۆتەلمەيمەن، نىگار ئەمدى،
ئۆتۈپ قالسامۇ ئاشىقچە ھۆتەلمەيمەن، نىگار ئەمدى.

بىمەقسەت ھۆتلىپ قالسام، لېۋىڭنى چاڭقىتىپ چىقساڭ،
لېۋىمدىن مەي بېرىپ گۈلگۈن كۈتەلمەيمەن، نىگار ئەمدى.

مۇھەببەت - سۆيگۈ توختامى تۈزۈشتۇق نەچچە رەت بۇزدۇڭ،
بىلسەڭ، قايتىدىن توختام پۈتەلمەيمەن، نىگار ئەمدى.

مۇھەببەت - سۆيگۈ، مېھرىمنى سېتىپ ئەتكەسچىلىك قىلغان،
گۇناھىڭدىن ئۆمۈرۋايەت ئۆتەلمەيمەن، نىگار ئەمدى.

لىۋىڭدىن گۈل، تىلىڭدىن بال، كۆزۈڭدىن قان تۆكۈپ يىغلاپ،
قەسەم بەرسەڭمۇ، ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن، نىگار ئەمدى.

2

توڭۇپ تۇرسام بېقىپ نازلىق سوغۇق قەلبىمنى نار قىلدىڭ،
تىنچ كۆڭلۈمگە قۇدرەتلىك پىراق - ئىشقىڭنى يار قىلدىڭ.

جىداپ - تاقەتلىرىم مەغلۇپ بولۇۋەرگەچكە ئىشقىڭدىن،
مېھرى - شەپقەت تىلەپ بارسام بويۇڭ - قەددىڭنى دار قىلدىڭ.

بۇيۇك مۇجۇتلىقىم دارغا ئېسىلغانتى، سۇرە نازىل.
قىلىپ، ئوقۇپ ھۆرۈپ تەكرار مېنى دۇنياغا بار قىلدىڭ.

«پۈتۈن دۇنياغا ئوت كەتكەي ئوتۇمنىڭ زەررىسى ئۇچسا»
دېسەم، قورقۇپ قوشۇماڭنى تۈرۈپ دۇنيانى قار قىلدىڭ.

لېكىن قارلار ئېرىپ، سۇلار ۋاراقلاپ قايناسا، «تووا،—
دېدىڭ ھەيران بولۇپ،—قانداق قىلىپ سۇلارنى پار قىلدىڭ؟»

تىپىرلاپ، چەكچىيىپ كەتكەن كۆزۈڭگە شۇڭغۇغاچ مەنمۇ،
دېدىم: «ئېيتە، مېنى قانداق قىلىپ سۆيگۈڭگە زار قىلدىڭ؟»

جاۋاب بەرمەيلا باغرىڭغا بېسىپ، قانماي سۆيۈپ رەت - رەت،
دىلىمدا قۇترىغان ھىجران، ئەلەم - ھەسرەتنى خار قىلدىڭ.

3

نىگار، يايلاپ كېلەي قويدەك دىلىڭنىڭ دارىسى نەدە؟
بېلىق يەڭلىغ ئۈزەي ئەركىن كۆزۈڭنىڭ قارىسى نەدە؟

١

قاچانلاردۇ بېقىپ نازلىق دىلىمنى ئوۋلىۋالغانتىڭ،
ئۆزۈمنىڭ مۈلكى — قەلبىمنىڭ غۇرۇرلۇق پارىسى نەدە؟

كۆرۈپ لوقمان ھېكىم بىر يىل خىجىللىق ئىلكىدە قاچتى،
دېدىم ئەپسۇسلىنىپ: «ئېيتىڭ، پىراقىڭنىڭ چارىسى نەدە؟»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



«نىگارىڭدىن سوراپ باققىن بېرىپ ھازىر» دېدى لوقمان،
جېنىم دىلبەر، قېنى ئېيتە، پىراقىڭنىڭ دورىسى نەدە؟

گۈزەل تۇيغۇمنى ئاچ ئىشقىڭ ئېتىپ كۆككە سامان قىلدى،
پاچاقلاي مەنمۇ خەس ئەيلەپ، پىراقىڭنىڭ ئارىسى نەدە؟

كىرەي ئوكيانغا، يالقۇنغا جېنىمغا مىنگىشىپ مەھكەم،
ۋىسالسىز كەتمىسۇن مالچى، ۋىسالىڭنىڭ قارىسى نەدە؟

4

تۇمەن تىللارغا ئەرزىيدۇ كۆيۈگۈڭنىڭ ياپرىقى، دىلبەر،
جېنىمدىن مىڭغا ئەرزىيدۇ لۇڭگۈڭنىڭ قاسرىقى، دىلبەر.

«زەھەر يۇتقىن» دېسەڭ، دەرھال يۇتارمەن سەن ئۈچۈن، چۈنكى
زەھەرنى قايتۇرار شەكسىز ھىندىڭنىڭ قايمىقى، دىلبەر.

كۆزۈڭدىن قوغلىنىپ چىقسام بۈيۈك سەۋدايى - مەجنۇنمەن،
كۆزۈڭنى كۆرسە تۈزلەنگەي ھۇشۇمنىڭ مايمىقى، دىلبەر.

دىلىڭدىن سىرغىغان ھەسرەت بىلەن مەۋجۇتلۇقىم ئۆلگەي،
لەزىز كۈلكەڭدە گۈللەنگەي دىلىمنىڭ ئايمىقى، دىلبەر.

بۇ دۇنيا مۈلكىگە ھەرگىز قىزىقمايمەن پەقەت، چۈنكى
مېھىر - سۆيگۈڭ دىلىمنىڭ پاك، ئۆمۈرلۈك بايلىقى، دىلبەر.

يىراقلاپ كەتكىلى رايىم، سۆيۈپ ئۆلمەككە ئەركىم يوق،
«سۆيەي» دەپ بولغۇچە بەرھەق چايانىڭ چاقمىقى، دىلبەر

ۋىسال قۇچماق ئۈچۈن مالچى ئېزىلىپ روھىغا دان بەردى.
خىتاپ قىلدى ئاڭا چۈنكى ۋىسالىڭنىڭ بايرىقى دىلبەر.

**ئايشەمگۈل ھەسەن** — تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

## ئىككى شېئىر

### يوقىتىش

تاپالماستىن ھەتتا ئىزىمنى،
سەرسانلىقتا يۈرىمەن غەمكىن.
قارچۇغۇمدا ئۆتمۈش ئىسماسى،
مۇڭلۇرۇمغا جۇر بولۇر تەمكىن.

سەرسانلىقتا ياڭراتقان كۈلكە،
كىرىستالدەك بىغۇبار كۆز ياش.
مانا بۈگۈن نەلەرگە كەتتى،
باللىقىم ناتىۋان بەگۋاش.

بولۇپ قالدى ھەممىسى ساختا،
خۇشال كۆلكە ھەتتاكى كۆز ياش.
يىللار ئاتا قىلغاچ چولك توساق،
بولالمايدۇ قونچىقىم مۇڭداش.

بالىلىقىم ئىدىنغۇ مېنىڭ،
غەم - غۇسسىسىز يايرىغان دەۋرىم.
سەبىلىكتىن قىلىنغاچ مەھرۇم،
بوغۇلۇشتىن تۈگىدى سەۋرىم.

## قايتۇرۇپ بەر چۈشۈمنى نىگار

قايتۇرۇپ بەر چۈشۈمنى نىگار،
پاك روھىڭغا تىۋىنىپ ئۆتەي.
چۈشتە ئەمەس رېئاللىقتىلا،
يۈرىكىڭگە سىڭىشىپ كېتەي.

قايتۇرۇپ بەر چۈشۈمنى نىگار،
پاك روھىڭغا تىۋىنىپ ئۆتەي.
چىن ئەقىدە سۆيگۈ نۇرىنى،
ۋۇجۇدۇڭدىن ئاختۇرۇپ تاپاي.

قايتۇرۇپ بەر چۈشۈمنى نىگار،
پاك روھىڭغا تىۋىنىپ ئۆتەي.
جۈپ يۈرەكنىڭ رىتىم - كۈيىنى،
ئۇ دۇنياغا بىرگە ئېپ كېتەي.
قايتۇرۇپ بەر چۈشۈمنى نىگار،
پاك روھىڭغا تىۋىنىپ ئۆتەي.
سۆيگۈمىزنى باسمىسۇن غەپلەت،
چۈش قوينىدىن ئويغىنىپ كېلەي.

تەھرىرى: **دىلنۇر ئابلىز** **ئەخمەتجان ئىمىن**

## ئىككى شېئىر

## سىزىپ قويدۇم قەلبىڭگە قۇياش

شاراپ ھىدلاپ كەلگەن رىسالەم،
تارتتى سېنى باغرىغا بىر رەت.
شادلىق ئەجەپ تەسەللى ئەمەس،
دەرتلىك كۈلۈپ كېلەر مۇھەببەت.

ھېس - تۇيغۇمۇ مىسكىن شۇ قەدەر،
ئاشىقلارغا ھىجران زاماندىش.
سەن رەسىدە بولماي تۇرۇپلا،
سىزىپ قويدۇم قەلبىڭگە قۇياش.

## كەل يىراق جايدىكى ئۇماق پەرىشتەم

ئىسمىڭنى چىرايلىق پەردازلاپ يەنە،
يۈرىكىم تەكتىگە سالدىم ئاۋايلاپ.
كەل يىراق جايدىكى ئۇماق پەرىشتەم،
سېغىنغان باغرىمغا باساي يىنىشلاپ.

بۇ يەردە ئەتىياز بىلىنەر سوغۇق،
كۆرۈشكۈم كەلمەيدۇ ھېچ كىشى بىلەن.
شۇ قەدەر غېرىبلىق ئۆتىسمۇ جاندىن،
ھەر مىسرا شېئىرىمدا يەنىلا ئۇ سەن.

سېغىنىش كۈيۈمنى ئاڭلار كائىنات،
بەزلەيمەن ئۆزۈمنى سۈكۈتلەر ئارا.
بىر مېنى تەنھالىق قىينايدۇ قەۋەت،
كەل ئاتەش يۈرەككە ياڭرىتىپ ناۋا.

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

# تەخمىسلار

تۇرغۇن ئۇبۇلقاسىم

## ئال ساۋاق

(مەتقاسىم مەتنىياز غەزىلىگە تەخمىس)

ئاڭلا سۆز دېھقان ئاداش، خۇش باقتى بۇ دەۋران ساڭا،
تۆكمىسەڭ قان ـ تەر، لېكىن، ھېچ يەردە يوق بوستان ساڭا،
گەپ سېتىپ يۈرسەڭ بىكار، تۆكمەيدۇ ئاش ئاسمان ساڭا،
ئاڭلىدىم «دەرد»ىڭنى، ھەقكەن «پىتنىخور» ئۇنۋان ساڭا،
كىمدىن ئاغرىنساڭ بىكار، ھېچ پايدا يوق گەپدان ساڭا.

بىر كۈنى يۈرسەڭ: «سەممەت كەڭ سىلىۋالدى قاشنى» دەپ،
بىر كۈنى يۈردۇڭ: «ئىمام تېز يۆتكىمىدى تاشنى ...» دەپ،
بىر كۈنى: «ئاللا، يوقات، ئوسمان دېگەن قاقۋاشنى!» دەپ،
«ئۇ مۇكاپات نامىدا ئەپ كەتتى نۇرغۇن ئاشنى ...» دەپ،
چىدىماي ۋايساپ يۈرۈپسەن، مەن تولا ھەيران ساڭا.

قوشنىلار ئېيتسا: «ساپانغا ئەتە ئىشقا ئۈينى قات»،
شۇ ھامان دەپسەن: «ئىشمىغا كىرىۋالماڭلارچۇ چات!»
ھە، ساڭا كىم ئېيتتى «ئۆيدە يات»، «قۇرۇق پىتنەڭنى سات»،
ئىشلىگەن چىشلەيدۇ شۇنداق، ئەجرىدىن چاپىناپ ناۋات،
ئەمدى ئەسقاتماس قۇرۇق گەپ — ئوقى يوق پىستان ساڭا.

ئۇخلىدىڭ، تۇگۈلۈككە تارتىپ قارا پەردە، ياز بويى،
قاچىسا ئۇيقۇڭ، ئويندىڭ بازار — شەھەردە ياز بويى،
باشقىلارچۇ، ئىش بىلەن شامۇ سەھەردە ياز بويى،
قارا تەرگە چۆمسە ھەممە ھۆددە يەردە ياز بويى،
بەزمىگە ئەپلىك بولۇپتۇ تال باراڭ، ئايۋان ساڭا ...

ئاش ئالاي دەپ تېز تۇگەتتىڭ ئازلا چارۋاڭنى سېتىپ،
ئاخىرى شۇ بىر كالاڭنى ھەم بېقىنتىڭ كۆپ سېغىپ،
ھېچ ئېتىزغا چىقمىغاچ، كەتتىڭ ھورۇنلۇققا ئېغىپ،
چاينىماق بولساڭ ئەگەر ياغ، باشقىلاردەك چۆپ يىغىپ
باقمىساڭ ساغلىق قوتاندا، سەمرىمەس پاخلان ساڭا.

مول هوسۇل نەدىن كېلۇر، باغرى ئېتىزنى تىلمىساڭ؟!
نېمە دەي، ئاز پايدىنى تېخى كۆزۈڭگە ئىلمىساڭ؟!
مەيلىمۇ، ئىشتىن قېچىپ دائىم جېنىڭنى قىينىساڭ؟!
سەن ئەگەر يۇلغۇن - قومۇشلۇقلار ئارا ئوۋ قىلمىساڭ،
ئۇچرىماس يول - رەستىدىن ھەتتا توكۇر توشقان ساڭا.

نەدە باركەن، چارۋا باقماستىنلا گۆش - ياغ يەيدىغان؟!
ئېيت قېنى، نەدىن كېلۇر ئاقچا - پۇلۇڭ خەجلەيدىغان؟!
ئۇ زامان كەتتى، «يوغان قازان مېنىڭكى ...» دەيدىغان،
بۇ زامان شۇنداق زامانكى ئىشلىگەن چىشلەيدىغان،
يوق پەقەت تەر تۆكمىسەڭ مانتا، پولۇ، ئاق نان ساڭا.

ئەمگىكىنى كىمكى سۆيسە، ئۇ بەخت - شادلىققا يار،
ئەمگىكىدىن كىمكى ئايرىلسا، قىلۇر ئۆزىنى خار،
بوش - ھۇرۇنغا ئەھلى ئەمگەكتىن ھامان نەپرەت باغار،
ھىيلە جىڭدا توختىماس، لاپ بىرلە توشمايدۇ تاغار،
قىلمىغاي يۈز خاتىرە «جىك پادىشاھ — سۇلتان» ساڭا.

يۈيسىلا دەرھال چىقىپ كەتكەي كىيىمدە بولسا كىر،
كۆر ئەنە، چوڭ باي بولۇشمۇ بولمىدى ھېچكىمگە سىر،
بولسىلا غەيرەت، گادايمۇ سالىدۇ ئالتۇن قەسىر،
ئەر - خوتۇن ساغلام ئىكەنسەن، تەر تۆكۈپ قىلساڭ ئەجىر،
باشقىلاردەك قەد كۆتۈرمەككە تولۇق ئىمكان ساڭا.

سۆزلىرىم بولسۇن دىلىڭنى يۇيغۇچى زەمزەم بېغىن؛
كەلگ ئېتىزدا سەن ئۆزۈڭنى خۇددى پەرھاد چاغلىغىن،
گەپ - سۇنايىنى ياغلىغان ياغدا گېلىڭنى ياغلىغىن،
«دەرد»لىرىڭدىن ئال ساۋاق، ئىشلەشكە بەلنى باغلىغىن،
مېھنىتىڭ قىلغاي مۇكاپات - پايدىنى ئېھسان ساڭا.

## بۇلبۇلغا

(مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن غەزىلىگە تەخمىس)

دۇر چاچتى سۇزۇك ئاسمان، ئۇخلاشتىن ھايا قىلغىن،
گۈل تۆكتى لىۋىدىن قان، ئىلكىڭگە راۋا قىلغىن،
«گۈل!» دەپ ئوقۇغىن داستان، جىسمىڭنى لاۋا قىلغىن،
گۈل ئاشىقى ئەي بۇلبۇل، تۇر، سايرا، ناۋا قىلغىن،
سۇندى قەپىسىڭ چۇلچۇل، ئۇچ، سەيرى ھاۋا قىلغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەريالار چېچىپ ئۈنچە ئۆركەشلەپ راۋان ئاقتى،
كەڭ ئالتۇن زېمىن شۇنچە ئۈزلۈقتىن كۆلۈپ باقتى،
تاڭ پەيزىدە گۈل ـ غۇنچە شەبنەمدىن بېزەك تاقتى،
گۈل پەسلى چىراي ئاچتى، گۈلشەنمۇ ئىپار چاچتى،
قۇزغۇنلار بەدەر قاچتى، سەن كۆكتە جۇلا قىلغىن.

كۆرگىن، قۇرت ـ زىبانداشنى، يايرار گۈل يوتۇپ ئەركىن،
ئۆلتۈر ئاڭا ئوخشاشنى پەشۋالاپ ـ چوقۇپ ئەركىن،
تۆكمە جىم يېتىپ ياشنى، گۈل بەختنى قۇچۇپ ئەركىن،
قوي، بولما تولا غەمكىن، بوستاندا ئۇچۇپ ئەركىن،
گۈللەرگە قونۇپ تەمكىن خەندانە سادا قىلغىن.

ئاڭلا، باغدا ساز ھەر خىل جۇشقۇن پەدىگە ياڭرار،
ساز ئاۋازىنى ئىزچىل گۈلزار قىزىقىپ داڭلار،
كەل، سايرا، ئۆتنۈگىنى، بىل، ھەر گۈل جان بېرىپ ئاڭلار،
كۆپ كۈتتى سېنى گۈلزار، ناخشاڭغا بولۇپ خۇمار،
سەن باشتا دېگەن: «گۈليار»، ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىن.

كۈتمەكتە سېنى سازلار بۇلبۇل كەلسە دەپ ھەردەم،
گۈل ـ غۇنچە سېنى ئازلار ياپراقتا تۇتۇپ زەمزەم،
راسلاندى پاياندازلار، كەل ئەمدى بولۇشقا جەم،
گۈل ـ غۇنچە تۆكۈپ شەبنەم، ھىجرىڭدە چېكىپ كۆپ غەم،
قان بولدى دىلى، سەن ھەم كەل ئەمدى، داۋا قىلغىن.

يا شادلىق تاپالامسەن دۇنيادا يۈرۈپ يەككە؟!
ئىشقىڭنى ياپالامسەن گۈللەرگە بېرىپ دەككە؟!
ياق! قىبلەڭ گۈزەل گۈلشەن، روشەن بۇ: ئەمەس مەككە!
ئىشق جامىنى ئىچمەككە، دىل تارىنى چەكمەككە،
گۈل ۋەسلىگە يەتمەككە سەن جاننى پىدا قىلغىن.

كۆرسەتكىن جامالىڭنى، ئەمدى مۆكمىگىن زىنھار،
گۈل سۆي، تاپ ۋىسالىڭنى، قەلبىڭنى قىلىپ ئىزھار،
تاپقىن ھەم كامالىڭنى، توسقۇننى قىلىپ تارمار،
گۈلشەنگە بولۇپ خۇشتار، ھەر تاڭدا كۆرۈپ دىدار،
بوستاندا ئوقۇپ ئەشئار، بۇرچۇڭنى ئادا قىلغىن.

# قىلساڭ

(ئەرشىدىن راشىدىن غەزىلىگە تەخمىس)

دىلىڭدا ئەڭ سۆيۈملۈك ھەم بۈيۈك نامنى «ئانا» قىلساڭ،
جاھان رازى، ئاناڭنىڭ ئەجرىنى سەن بىباھا قىلساڭ،
تاپارسەن بەخت، ئاناڭ كۈتكەن ئۈمىدنى چىن ئادا قىلساڭ،
ئاناڭ رازى بولۇر سەندىن، ئۇنىڭغا سەن ۋاپا قىلساڭ،
قارا يۈزسەن، ئۇ قىلغان چىن ۋاپاغا گەر جاپا قىلساڭ!

دېڭىزدىن كەڭ، دېڭىز چوڭقۇرلۇقىدىن زور ئانا مېھرى،
گوياكى ماگما - ۋولقاندۇر ۋاپاسىزغا ئۇنىڭ قەھرى،
ھاياتلىق شاھى ئۇ، بولسۇن گۈزەللىك تەختىدە قەسرى،
ھاپاشلاپ مەككىگە يەتتە ئاپارساڭ يانمىغاي ئەجرى،
تېرىقچە خىزمىتىڭگە ئەرزىگەيمۇ دوق - تاپا قىلساڭ؟!

بولۇپ ئىشقىڭدا كۆلخان، ئۇ تارتقان ئوت - لاۋا ئازمۇ؟!
تىلەپ بەختىڭنى ئېيتقان ھېكمىتى ھەمدۇ، سانا ئازمۇ؟!
ئەزىز دوستۇم، ئاناڭدىن ھەر قاچان ئالغان داۋا ئازمۇ؟!
گۆدەكلىك چاغلىرىڭ، بىلمەي، ئاڭا سالغان جاپا ئازمۇ؟!
ئۇياتقۇ، ئەمدى چوپچوڭلا تۇرۇپ خەيلى - خاپا قىلساڭ!

ئەمەس بۇ، جان ئاناڭنىڭ ئەمگىكىدىن قەرز تىلەش ۋاقتىڭ،
ئەمەس بۇ، جان ئاناڭدىن نەپ يۇلۇشقا چىش بىلەش ۋاقتىڭ،
ئەمەس بۇ، ھەم ھاپاش بولماق ئۇچۇنلا يۈگۈرۈش ۋاقتىڭ،
ئەمەس بۇ، «تۆگە تايلاق» دەپ ئۇنىڭغا ئەركىلەش ۋاقتىڭ،
ئۇۋالغۇ، شىللىسىگە مىنگىشىپ قەددىنى «يا» قىلساڭ!

ئاناڭدۇر جان، ساڭا تۇز ھەم ئائام بەرگەن شۇ ئۆگەيمۇ،
بىلەمسەن، كەلمىگۈنچە سەن، دېمەيتتى ئۇ تاماق يەيمۇ!...
بۈگۈنچۇ، كۆپ مائاشىڭدىن دېمەيسەن ئاڭا خەجلەيمۇ!
ئېغى سۇنماقتا يوق بىر قەترە سۇ، كۆڭلۈڭ كۆتۈرگەيمۇ
ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى مەي قىلىپ كەيپۇ ساپا قىلساڭ؟!

سېنى تۇغقان ئاناڭ ياكى ئۆگەي بولسۇن، جاپا چەككەن،
ساڭا كەلگەن خەتەر ئالدىدا ئۆز قەددىنى كەرگەن،
ھامان ئۆمرۈڭ بېغىنى گۈللىتىشكە كۆپ ئۇرۇق تەرگەن،
سېنىڭ جىسمىڭ ئۇنىڭ جىسمى (ساڭا ئۇ جانۇتەن بەرگەن)،
قەرزنى ئاقلىماققا ئاز كېلۇر مىڭ جان پىدا قىلساڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاناڭغا سەجدە قىل، تۇرغۇن، سۆزۈڭنى چىڭ تۇتۇپ ئەستە،
ھالال ئەجرىڭ بىلەن ھەر كۈن ئاناڭغا راسلا گۈلدەستە،
تۇتار پەرزەنت ساڭا ھەم گۈل، بېشىڭ جەننەتكە كۆچمەستە،
ھوشۇڭ تاپ، سەجدىگاھىڭنىڭ ھاياتلىق شامى ئۆچمەستە،
كۆزىنى يۇمسا، بىل، كەلمەس، ئۆرۈپ ئاھ، مىڭ نىدا قىلساڭ!

## جانانمۇ سەن

(مۇختەر مەخسۇت غەزىلىگە تەخمىس)

ئېيتقىنا، ئېتىز قىزى، قەلبىمدىكى ئارمانمۇ سەن؟
ئېيتقىنا، ئۇسسۇلچى ياكى ناخشىچى، دېھقانمۇ سەن؟
گاھ كۆرۈنسەڭ، گاھ يوقايسەن، ئېيتقىنا، ئىنسانمۇ سەن؟
ئاھۇ كۆزلۈك ئەي نىگارىم، ھۆرمۇ سەن، غىلمانمۇ سەن؟
كۆيدى ئىشقىڭدا يۈرىكىم، ئوتمۇ سەن، گۈلخانمۇ سەن؟

كەڭ ئېتىزدا دوستلىرىڭ بىرلە كېپىكتەك قىيغىتىپ،
گاھ ئۆرۈق چاچساڭ، كېلەر سەن گاھىدا سۆرەم چېتىپ،
بولمىسا ئىشلار تامام ئاخشامدىمۇ قالماي كېتىپ،
بىلمىدىم، ھەر تاڭنى چىللايسەنكى كەتمەن ئوينىتىپ،
كەڭ ئېتىزنى نۇرغا كۆمگەن ئايمۇ سەن، چولپانمۇ سەن؟

كۆزلىرىمگە چۈشكىنىڭدە ئاق بىلەك، ئاپئاق بىلەك،
يۆگىگەي شۇ جۈپ بىلەكنى خۇش سابا سۆيگەن ئېتەك،
ئاھ، سەن ئالغان ھەر قەدەمدە ئۆزگىچە كۈلگەي تىلەك،
ئۈنچە تەر - دۇردانە تۆككەن ھەر ئىزىڭدا مىڭ چېچەك،
چۆلنى گۈلزار ئەيلىگەن لەيلىمۇ يا رەيھانمۇ سەن؟

ئىش - ئىزىڭ شۇنچە گۈزەل، ئارزۇلىرىڭ ئاندىن بەلەن،
چۈشمىگەي دەيمەن يامان كۆز، پاكلىقىڭغا، ئەي لىۋەن،
يوللىرىڭ بولسۇن قىزىل گۈل، ئۈنمىسۇن يانتاق، تىكەن،
تاغ سۈپەت خامانىنى كۆرسەڭ ئارمىنىڭ ھاسىل ئىكەن،
مول ھوسۇلنىڭ شادلىقىدا بۇلبۇلى خەندانمۇ سەن؟

سەن بىلەمسەن، مەن سېنى يارىم دېدىم، ئېيتتىم غەزەل،
باغلىدىم ئىش ئەۋجىدە سەن بىرلە بەسلەشمەككە بەل،
مەرھەمەت، بىر جۈپ بولايلى، بەر قولۇڭنى، قېنى كەل،
بىغۇبار ھۆسنۈڭ گۈزەلدۇر، خىسلىتىڭ ئاندىن گۈزەل،
مېنى رام - پەرۋانە قىلغان جانمۇ سەن، جانانمۇ سەن؟

تەھرىرى: مەتسىلىم مەتقاسىم

ئەنۋەر ھوشۇر

# مۇغەمبەرلەر كۇلكىسى

(ھېكايە)



شەنبە كۈنى ئىدى. ھويلىدا ئوغلۇم بىلەن تال ئېچىۋاتاتتىم، ئايالىم ھەپتىدىن بىرى يىغىلىپ قالغان كىرلارنى يۇيۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك جالاقىدە ئېچىلىپ، ئوتتۇرا بوي، رەتسىز كىيىنگەن، دەماللىققا قايسى تائىپىدىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان، يوچۇن بىر كىشى ئىت قوغلىغان ھابدالدەك پالاقشىغىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بارمۇ؟

غۇچچىدە ئاچچىقىم كەلدى. ساراڭمۇ نېمە ماۋۇ ئاداش، ھېلىغۇ پۈتۈن سۇرۇك ئۆيكەن،سايدىكى تاشنىڭمۇ ئىگىسى بار بۇ جاھاندا!

— بار، بىز شۇ، — دېدىم مەن سالامغا كۆكسۈمگە ئاپارغان قولۇمنى دەرھال چۈشۈرۈپ، — سىلى ئىگىسى يوق ئۆينىمۇ كۆرۈپ باققانمۇ؟

مەن ئۇزۇن مۇددەت تىل ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن ئېيتاۋۇر گەپ - سۆزگە كەلگەندە بەك زىغىرلايتتىم، ھېچكىمگە يۈز خاتىرە قىلمايتتىم. شۇڭا خىزمەتداشلىرىم ئارىسىدىكى لەقىمىم «تۈز» ئىدى.

يوچۇن كىشى سۆزدە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى بولغاي، پىستە كۆزلىرىنى كۆزۈمدىن ئېلىپ قاچتى.

— مەن ... دېمەكچىمەنكى ئائىلە باشلىقى كىم؟

مەن ئايالىمغا قارىدىم، ئايالىم «سىز» دېگەن مەنىدە ماڭا قارىدى.

— ئەلۋەتتە مەن بولىمەن!

— ھىم، — دېدى يوچۇن كىشى چىرايىغا قەستەن سۇر بېرىپ، — مەن ئېلېكتر شىركىتىدىن كەلدىم، — ئۇ سومكىسىدىن بىر باغلام تالوننى ئېلىپ تىزىغا قويۇپ تۇرۇپ، بىر نېمىلەرنى يازغاندىن كېيىن ماڭا تەڭلىدى، — توك

www.uyghurkitap.com



ئىشلىتىش ياجىڭ ① پۇلى ئۇچۇن ئىككى يۈز يۈەن تاپشۇرۇڭ!

—① نېمە پۇلى دېدىڭىز؟ — مەن ھەيرانلىقتا ياندۇرۇپ سورىدىم.

— دېدىمغۇ، توك ئىشلىتىش ياجىڭ پۇلى، — يوچۇن كىشى تالوننى زەردە بىلەن سۇپىغا تاشلىدى.

— تېز بولۇڭ، ئىشىم ئالدىراش.

— ئىشىڭىزنىڭ ئالدىراشلىقىنى تۇرقىڭىزدىن بىلدىم، — دېدىم مەن ئەتىيازنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا يېنىك يەلپۈنۈپ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان تالوندىن كۆزۈمنى يۆتكەپ، — ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىگىمۇ گۇناھىنى دەپ بېرىدۇ. سىز ماڭا باش - ئاخىرى يوق گەپلەرنى قىلىپ زەردە قىلماي، ئاۋۋال نېمىشقا رەنە پۇلى ئالىدىغانلىقىڭىزنى دەپ بېرىڭ. توك ئىشلەتكەن بولساق، پۇلنى سىنىت ئۇيان - بۇيان قىلماي ئايمۇ - ئاي تۆلەۋاتىمىز، قانداق تەلەپ - بۇيرۇقىڭلار بولسا ۋاقتىدا بېجىرىۋاتىمىز. يەنە ...

— سەۋەبىنى مەن نەدىن بىلەي؟ مەن پەقەت شىركەتتىن بۇيرىغان ئىشنى قىلىشنىلا بىلىمەن، — ئۇ توڭلۇق بىلەن گېپىمنىڭ بىلىگە تەپتى.

— گەپنى ئېنىق قىلىڭ پۇلنى بېرەمسىز - بەرمەمسىز؟

— ۋاي ... بېرىلى غوجام، بەرمەيمۇ قۇتۇلغىلى بولامدۇ سىلىدىن؟ — خېلىدىن بېرى سۆھبىتىمىزگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئايالىم سۆزگە ئارىلاشتى، — مېنىڭ بىلىشىمچە ياجىڭ دېگەننىڭ قايتۇرۇش مۇددىتى بولىدۇ. شۇڭا پۇلنى بەرسەڭ قاچان قايتۇرۇپ بېرىشىلا، مۇشۇ ھەقتە بىر نەرسە دەپ بەرسىلە. بولسا تامغىسى بار قىزىل باشلىق ھۆججەتلىرىنى كۆرسىتىپ قويسىلا، كېيىن ئىشنىڭ ئىگىسىنى تاپالمايمۇ قالمايلى يەنە ...

— ئەلۋەتتە قايتۇرۇش مۇددىتى بولىدۇ - دە، يوچۇن كىشى مۇغەمبەرلەرچە كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىگە بىر خىل ئاچكۆزلۈك، رەھىمسىزلىك يوشۇرۇنغانىدى.

— قاچان؟

— سىلە توك ئىشلەتمەيمىز دېگەن كۈنى!

— بۇ سېپى ئۆزىدىن زۇمىگەرلىكقۇ، — ئوغلۇم ئوغۇز يار گۈرجەكنى يان تامغا ئاتتى. گۈرجەكنىڭ تامغا تەككەندىكى تاراڭشىغان ئاۋازىدىن ھەممىمىز قورقۇپ كەتتۇق، — قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ ھەممە ئالمەن، شۇلمەنلا دېگەن، بېرىمەن دەيدىغىنىدىن بىرسى يوق. بۇ خەقنىڭ دەردىدە بىز پۇقرالار ياشامدۇق، ياشىمامدۇق؟ ھېلى بىرسى كېلىپ ئىشىكىگە نومۇر قاقىمەن دېگەن، ئەنە ئىشىك دېسە ئالقانچىلىك تۆمۈرنى قېقىپ قويۇپ 5، 10 كوينىڭ گېپىنى قىلغان. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتمەي، يەنە بېگىسىغا ئالماشتۇرىمىز دېگەن. ھېلى بىرسى كېلىپ چىرايلىق كىنىشكىلەرنى بىر نېمە قىلىمىز دەپ پوككىدە تامغىسىنى بېسىپ ياكى قىزىلىنى كۆككە، كۆكنى قارىغا ئالماشتۇرۇپلا، پالان - پۇستانى پۇلىنىڭ گېپىنى قىلغان. ھېلىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىشنى چەكلەپ تۇرغىنى. بولمىسا كۆتىگە بىرنى ئۇرۇپلا، يولدا كېتىۋاتقان ئادەملەردىنمۇ بىر نېمىلەرنى دەپ پۇل ئېلىشتىن يانمايدۇ بۇ بىر نېمىلەر ...

— ئۇكا ھوي، نېمىگە شۇنچە قايناپسەن؟

— سىلىنىڭ تۇترۇقسىز گەپلىرىگە، — ئوغلۇم سۆزگە كەلگەندە مېنى تارتقانىدى، — ئىسچوتچىكنى ئۆزىمىزنىڭ ھالال تاپقان پۇلىغا ئالغان ئىدۇق. ئۇ ئاش، نان دېمەيتتى. لېكىن سىلەر نوپۇزغا ئالىمىز دەپ قاراپ تۇرۇپ، ئىككى مىڭ كوينى سوقتۇڭلا. بۇنىڭغا چىشىمىزنى چىشلەپ ماقۇل دېدۇق. سىم يوللىرىنى ئۆزۈڭلار ئورۇنلاشتۇرغان ئىدىڭلا، ئارىدىن بىرەرئاي ئۆتە - ئۆتمەي تۇۋرۇك ئۆلچەمسىز ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ دەپ، بىر چىرايلىق پېشايۋاننى بۇزدۇرۇپ، ھويلىنىڭ ئۇ بۇرجىكىدىن بۇ بۇرجىكىگە يۆتكەتتىڭلا. كاتەكنى ئۆز قولۇم بىلەن كولىدىم، ھەممە ئىشنى ئۆزىمىز قىلدۇق. لېكىن سىلەر يۆتكەش ھەققى دەپ، قاراپ تۇرۇپ 90 كوي ئالدىڭلار. ھاجەتمەن بولغاندىكىن دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ، ھەممىگە ماقۇل دېدۇق. ئەمدى كېلىپ قاچان توك ئىشلەتمەيمىز دېگەندە قايتۇرىمىز دەپ، رەنە پۇلى ئالىمىز دەيسىلەر. ئۇنداق چىرايلىق ناملار بىلەن ئادەم قاقشاتقىچە، نەق گەپنى قىلساڭلار بولمامدۇ؟

— ھە نەق گەپنى قىلاي، پۇلنى تۆلەمسىلەر، تۆلىمەمسىلەر؟

— تۆلىمەيمىز!

ئوغلۇم كېسىپلا جاۋاب بەردى.

— ئەمىسە خوش، — ھېلىقى كىشى سۇپىغا تاشلىۋەتكەن تالوننى ئېلىپ ئىشىك تەرەپكە

---

① ياجىڭ پۇلى — رەنە پۇلى

بۇرۇلدى، — پۇلنى ئىدارىگە ئاپىرىپ بەرمىگىنىڭلارنى بىر كۆرەي!

ئىشتىها بىلەن ئىچىلىۋاتقان ئاشقا تويۇقسىز چۈشكەندەك، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ئەسكى بولدى. مەن تۇرغان پېتى تاماكا يۆگەشكە كىرىشتىم. ئۇغۇز يارىنىڭمۇ خۇمارى تۇتتى بولغاي (مەن ئۇنىڭ تاماكا چېكىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن ئۆزۈممۇ چەككەچكە ئۇنىڭغا تاماكا چەكمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلاتتى) ئالدىراش سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئايالىم بىر ماڭا، بىر تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان كىيىم - كېچەكلەرگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، بېشىنى چايقاپ قويۇپ يەڭلىرىنى تۇرۇپ كىر يۇيۇشقا كىرىشتى.مەن تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ كوچەپ بىر قانچە قېتىم شورىغاندىن كېيىن، نەچچە كۈندىن بېرى ئىچىمنى تاتىلاۋاتقان «مۇشۇك»نى قوشۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك، ئىسنى بىراقلا پۈۋلىدىم.ئەمدى ئىشنىڭ مىزىسى قالمىغانىدى. ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ بايىقى قىزغىن ئەمگەك كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايتتى. ئۇغۇز يارىنىڭمۇ ياتار ۋاقتىدىن بۇرۇن ئۆيگە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئايالىمنىڭ بىر خىل رىتىمدا كىر يۇيۇشىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ سۇپىغا كېلىپ يانپاشلاندىم.

— ياستۇق ئېلىپ چىقىپ بېرەيمۇ؟

— ياق، بولدى، مۇشۇنداقلا بىر دەم ياتاي.

مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم.

× × ×

مەكتەپ مۇدىرى كۆز ئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ، پۈرلىشىپ كەتكەن قول ياغلىقى بىلەن، چېچەك ئىزى قاپلاپ كەتكەن مەڭزىدىكى مۇنچاقتەك تەر تامچىلىرىنى ئېيتىۋەتكەندىن كېيىن، پەستە ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ ئۇنىڭ كەسپىي ئادىتى ئىدى.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كۆزى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا زامانىمىزدىكى نۇرغۇن ئەمەلدارلارغا ئوخشاشلا، يىراقنى ياخشى كۆرۈپ، يېقىننى كۆرەلمەيتتى. كۆز ئەينىكى تاقىغاندا بولسا يېقىننىلا كۆرۈپ يىراقنى كۆرەلمەيتتى. ئۇنىڭ بۇنداق «كېسىلى»نىڭ بارلىقىدىن ھەممەيلەننىڭ خەۋىرى بولغاچقا، مۇدىرنىڭ كۆزىگە ئەينىكى ئېلىنگەن ھامان پەستە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەنىۋاسى دېگۈدەك، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى قىلىشقا — تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشكە، دەرس تەييارلاشقا، كىتاب - ژۇرنال كۆرۈشكە، پوپايكا توقۇشقا، كەشتە ئىشلەشكە، ھەتتا ئاۋاز چىقارماي ئۇخلاشقا كىرىشەتتى. قېلىن - قېلىن ھۆججەت - ماتېرىياللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئوقۇلۇپ، مۇدىرنىڭ كۆز ئەينىكى ئېلىنغانغا قەدەر داۋاملىشاتتى. كۆز ئەينىكى ئېلىنىپ، ھۆججەتلەر رەتلىنىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى، بىر قانچە سېكونت ئەڭ ئاچقۇچلۇق پەيت ئىدى. بۇ ۋاقىتتا پەستىكىلەر بىر - بىرىنى جىملىشىپ، دىققەت بىلەن ئولتۇرغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ بولىشاتتى. مۇدىرنىڭ ھەر ۋاقىت كۆرىدىغىنى، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئېغىزىغا قاراپ ئولتۇرغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش سەنئىتىدىن كۆڭلىدە رازى بولۇپ، چايدىن بىر ئوتلىۋەتكەندىن كېيىن، قايتىدىن كۆچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولۇپ، خورجۇننىڭ يەنە بىر پېيىنىڭ ئېغىزىنى ئاچاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى:

— بۈگۈنكى ھۆججەت يەتكۈزۈشىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولىدۇ. ھۆججەتنىڭ روھىنى مەكتىپىمىزدە قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىنىدۇ. ھەر قايسى ئورۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىشلىسە بولىدۇ ... بۈگۈنكى يىغىن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مۇنداق بىر ئىشنى يولداشلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويماقچىمەن. بىز يېقىندا مەكتەپنىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى قارا تېرەكلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئورنىغا قارىغاي سالدۇق. قارىغاينىڭ ھەر تۈپىنى 320 يۈەندىن سېتىۋالدۇق. بىز بۇرۇن مەمۇرىيەت بىناسىنىڭ ئالدىغىمۇ قارىغاي سېلىپ باققان، لېكىن پەرۋىش ياخشى بولمىغاچقا ھەممىسى قۇرۇپ كەتتى. بۇ قېتىم تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، قارىغايلارنى كۆكلىتىشنى سىنىپ مۇدىرلىرىغا ھۆددىگە بېرىشنى قارار قىلدۇق. كۆچەت قايسى سىنىپنىڭ ئالدىغا تىكىلگەن بولسا، شۇ سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئىگە بولۇپ باشقۇرىدۇ. قۇرۇتۇپ قويسا ئەسلى باھاسىنىڭ بىر ھەسسىسى بويىچە تۆلەيدۇ.

يىغىن زالى قىزىتىلغان ياغقا سۇ قۇيغاندەك، ۋاژىلداپ كەتتى:

— ئالە شەھرىگىنى، ئىشنىڭ قىزىقى ئەمدى چىققىلى تۇردىغۇ؟

www.uyghurkitap.com



— شۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟

— ئىش بولدىمۇ ئەمەس؛ گەپ بولدىمۇ دېگەنە ئاۋۋال.

— ئادەمنى قاراپ تۇرۇپ بوزەك قىلىشقۇ بۇ، بۇنىڭسىزمۇ بىز قىلدىغان ئىشلار، تۆلەيدىغان جەرىمانىلار ئازمۇ؟

— بىز قارىغاي ئۆستۇرسەك كۆكەرتىشتىكى ئىشچىلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— نېمە ئىش قىلاتتى؟ مۇدىرنىڭ ئوتۇننى يارىدۇ، سۇيىنى توشۇيدۇ. خوتۇنىنىڭ يۇندىسىنى تۆكىدۇ. چىقىرىۋەتكەن تېرەكلەر بىلەن، ئۆگەي ئوغلىغا ئۆي سالدۇ شۇ.

— تووا خۇدايىم، تووا. كونىلارنىڭ: «كۆرگۈنۈڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگىنى راستكەن. كۆرگۈلۈكمىز ئالدىمىزدا ئوخشايدۇ تېخى!؟

— نېمە ۋارى - ۋارى بۇ، ئۆۋسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك ۋاززاڭشىپ، — مۇدىر ئۇستەلگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ، غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ھە نېمە گەپ، سەن تۇرە ئورنىڭدىن، ئەجەپ تۇل خوتۇندەك كوتۇلداپلا كەتتىڭغۇ؟ — مۇدىرنىڭ دېقماق قوللىرى مەن تەرەپكە سوزۇلدى. بىردىنلا ھەممەيلەن زۇۋاندىن توختاپ، خۇددى كوماندا بەرگەندەك بۇرۇلۇپلا ماڭا قاراشتى. مەن ئەتراپىمغا قارىدىم، ھەممەيلەننىڭ كۆزى مەندە.

— مەنما؟ — مەن بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي پەس ئاۋازدا سورىدىم.

— ھەئە سەن!

مۇدىرنىڭ جاراستاندا، يەنە كېلىپ كېلىنىمنىڭ ئالدىدا (كېلىنىم مۇشۇ مەكتەپتە كاسسىر ئىدى) سەنلەپ چۇشۇشى غۇرۇرۇمغا قاتتىق تەگدى. مەن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. زال ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمىپ كەتتى. مۇدىر غەزەپتىن يىرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن چىرايىمغا قاراپ، بىر ئاز مەڭدەپ قالدىيۇ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ تەلەپپۇزىنى يۇمشاتتى.

— ھە، سىلى دەپ باقسىلا، نېمە گەپلەر بولدى ئۆزى، ھەممەيلەن تەڭ سۆزلەپ قولاق، مېڭەمنى قوچۇۋەتتىڭغۇ.

مەنمۇ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ تازا بىر دېيىشىشنى ئويلىدىمۇ لېكىن، دەرھال بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ بىر رەھبەر. ئۇ يەنە خىزمەت ئىشلىمىسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇدىرنىڭ كۆزى تازا ياخشى ئەمەس. بەلكىم مېنى يېڭىدىن كەلگەن بىرسىگە ئوخشىتىپ قالغاندۇ ياكى بولمىسا ... مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىرايىمغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتتۈم.

— بايا سىلى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا سېلىنغان قارىغايلارنى كۆكلىتىشنى، سىنىپ مۇدىرلىرىغا ھۆددە بېرىدىغانلىقلىرىنى ئېيتتىلا. كۆچەتلەرنى قۇرۇتۇپ قويساققۇ ھەسسىلەپ جەرىمانە تۆلەيدىكەنمىز. كۆكلەتسەك نېمە بېرىلىدىكىن؟ — مۇدىر مۇغەمبەرلەرچە كۈلدى.

— شۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ — ئۇ چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى، — ماڭاش بېرىمىز، ماڭاش!

تاش بىلەن ياڭاقنىڭ تەڭ بولغىنى نەدە بار؟ يىغىندىن تارقىشىمىزغا خۇجىلۇق مۇدىرى ئابدۇللا بۇرۇت ئەركەك غازدەك كاكىراپ يۈرۈپ، ھەش - پەش دېگۈچە «نېسۋىمىز» نى تەقسىملەپ، ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغان توختامنامىگە قول قويغۇزدى. ماڭا سىنىپىمىنىڭ ئالدىدىكى 3 تۈپ قارىغاي كۆچىتى تەقسىم قىلىندى.

يېقىندىن بۇيان مەكتەپتە توختامنامە، مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش خىزمەت ئىشلەشتىكى بىردىنبىر ۋاستىگە ئايلىنىپ قالغاندى. قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسى، پىلانلىق تۇغۇتقا رىئايە قىلىش توختامنامىسى، ئوت ئاپىتىدىن، ئوغرىلىقتىن ساقلىنىش مەسئۇلىيەتنامىسى، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش توختامنامىسى، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسى ... ئىشقىلىپ ھەر بىر ئىشقا بىردىن توختامنامە، مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىناتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قول قويۇش ھوقۇقىلا بولاتتى. رەت قىلىش،ئايرىم نۇقتىلار ھەققىدە پىكىر بېرىش ھوقۇقى بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار كۆزىنى

يۇمۇپلا ئىسمىنى يېزىۋېرەتتى. ئارقىدىن سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن توختامنامە، مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاشقا كىرىشەتتى.ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى. ھەشەم بىلەن قىلىنغان بۇ ئىشلار يۇقىرى - تۆۋەن ئىتتىرىشلار نەتىجىسىدە، ئەڭ ئاخىرىدا دۇنيا قارىشى تېخى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان سەبىلەرنىڭ بېشىغا كېلىپ توختايتتى - دە، «گۇلدۇرى بار، يامغۇرى يوق» بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى.

ئادىتىمىز بويىچە ھەممە سىنىپ مۇدىرلىرى، تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قارىغايلارنى كۆكلىتىش بويىچە ئوقۇغۇچىلار بىلەن توختامنامە ئىمزالىدۇق. مەن ئۈچ تۈپ قارىغاينى سىنىپتىكى ئۈچ رەت ئوقۇغۇچىغا تەقسىملەپ، قايسى رەت مەسئۇل بولغان قارىغايدىن مەسىلە چىقسا، تېگىشلىك جەرىمانە پۇلىنى شۇ رەتتىكى ئوقۇغۇچى بېشىغا چېچىپ تۆلىتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا يۈزۈم لازا سۈرگەندەك ئېچىشىپ، كۆزۈمگە لۆممىدە ياش كەلدى. جىسمىم تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك ئارامسىزلىنىپ، سىنىپتىن ئاران چىقىۋالدىم. ماڭىمۇ نېمە ئامال؟ بىرئاي 32 كۈن بولۇپ قالسا يەتمەيدىغان، بۇ ئازغىنە مائاشنىڭ بېشىدا نەچچە بىر قازاننىڭ قاينايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىشقۇ ئاخىر.

ھەپتە ئارىلاپ يىغىلىپ تۇرىدىغان تۈرلۈك نامىدىكى راسخوت، جەرىمانىلەردىن يۈرىكى پوك - پوك بولۇپ كەتكەن بالىلار، ئەتىسىدىن باشلاپ قارىغاي كۆچەتلىرىنى نۆۋەتلىشىپ پەرۋىش قىلىشقا — سۇ قۇيۇپ تېگىنى يۇمشىتىشقا، ئەتراپىنى قاشالاپ، ھەپتە ئارىلاپ قىغ - چاۋالارنى كۆمۈشكە، تاپقانلىرى خىمىيىۋى ئوغۇت سېلىشقا باشلىدى. ھەتتا بۇ خىل زەربىدارلارچە قاتتىق پەرۋىش قىلىش ئەنئەنىسىنى ئەتىل كۈنلىرىدىمۇ ئۈزۈپ قويمىدى ...

كۈنلەر ئۆتتى،ئايلار ئۆتتى. كۈزگە ئۇلاشمايلا قارىغايلار سارغىيىشقا باشلىدى. بۇ ھال ھەممىمىزنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. بىر تۈپ قارىغاي ئۈچۈن 320 يۈەندىن جەرىمانە تۆلەش ئاسان گەپمۇ؟ بۇنچىۋالا كۆپ پۇل ھېلىغۇ بىزدەك ئايلىقچىكەن، كۈنىگە نەچچە يۈز، نەچچە مىڭلاپ پۇل تاپىدىغان دۆلەتمەن تىجارەتچىلەرگىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. چۈنكى زىيان ھەممە ئادەمگە ئاچچىقتە! قانداق قىلىش كېرەك؟ بېشىمىزنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ، كىرپىدەك تۈكلۈلۈپ، قاقشاللىشىشقا باشلىغان ھۆددە قارىغايلىرىدا ئىدى. راست گەپنى قىلغاندا، تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بۇ يۇرتتىكى كىشىلەر قارىغاي دېگەننى پەقەت كىنو، تېلېۋىزورلاردىلا كۆرۈپ، ئىسمىنى سىياسىي ماقالىلاردىكى دەبدەبىلىك ئوخشىتىشلاردىلا ئاڭلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق ئۆسىدىغانلىقى، قانداق پەرۋىش قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق تەجرىبىگە، ھەتتا ئەقەللىي ساۋاتقىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. بىزمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدۇق ئەلۋەتتە.

بىر كۈنى دەرس ئارىلىقىدا بىر نەچچىمىز پۈتۈنلەي ئاقىرىپ بولغان قارىغايلارغا قاراپ، بېشىمىزغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان كۈلپەتلەر ئۈستىدە دەرت تۆكۈشۈۋاتاتتۇق، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇرازاق يېنىمىزغا كەلدى:

— مەن قارىغايلارنىڭ قۇرۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى تاپتىم! — خۇددى ئىراق، ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندەك ئەجەپلىنىپ ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراشتۇق.

— تويدىن كېيىن ناغرا چالغاننىڭ نېمىگە پايدىسى،

— ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئەكرەم بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئاغىنىلەر خوش بولۇپ كەتسەم، مۇشۇ قارغىش تەككۈر قارىغايلار ھەققىدە بىر گەپ قىلىشمىساق قانداق، — ئۇ ئۈچەي دەپ قالغان تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ ئۆزىچە غودۇڭشىدى، — نېمەبولدۇمكىن بىلمىدىم،مۇشۇ قارىغاي ھەققىدە گەپ بولسىلا جۇدۇنۇم ئۆرلەيدۇ، ئۆزۈمنى تۇتالمايقالىمەن. ھەي ... —

... ئەكرەم بىردىنلا ئەتىكەندەئانىسىدىن دەشنەم يەپ، كۆڭلى ئەسكى بولغانبالىدەك ئوڭايسىز ئەھۋالداقالغانئابدۇرازاققا يۈزلەندى:

— ھە، ئېيتقىنە سەۋەبى نېمىكەن؟

— جۇدۇنۇڭ ئۆرلەپ قالماس؟

— مۇشۇ بىر قېتىم چىداي!

— ماقۇل ئەمسە، — ئابدۇرازاق ئادىتى بويىچە گۆشلۈك لىۋىنى يالاپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— تۈنۈگۈن ئىلىدىكى تۇغقانلارغا تېلېفون قىلغانتىم، گەپ ئارىلىقىدا تاغامنىڭ ئوغلىغا ھۆددە قارىغايلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتىم، ئۇ ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تېخنىكى، ئۆتكەن يىلى بىزنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىپ بىرەر ئايدەك تۇرۇپ كەتكەن. ئەھۋالنى ئۇقۇپ «شۇنداقمۇ ئىش بارمۇ؟» دەپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قارىغايدەك يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلار يوپۇرمىقىدىن، تەڭگە يوپۇرماقلىقلىرى يىلتىزىدىن سۇ ئىچىدىكەن. مەن ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن دېگەن قاراشقا كەلدىم. قاراڭلار، بىز بەش ئايدىن بىرى قارىغايلارنى، خۇددى ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بوۋاقنى پەرۋىش قىلغاندەك كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلدۇق. تېگىگە سۇنى قۇيىۋەردۇق. قۇيغان سۈيىمىزنىڭ كۆپلىكىدە ھاسا چوقۇپ قويغان بولساقمۇ كۆكلەر ئىدى. ئەپسۇسكى قارىغايلارنىڭ بىرىمۇ كۆكلىمىدى. ئەگەر بىزنىڭ بۇ يۇرتىمۇ بىرەر قېتىم يامغۇر يېغىپ قويغان بولسا ياكى ...

قوڭغۇراق چېلىندى. ھەممىمىز ئۈن ـ تىنسىز سىنىپقا كىرىپ كېتىشتۇق. سىنىپلارنىڭ ئالدىدىكى چاقچۇقلاپ، چىرايلىق ياسالغان كالەكلەردە سوكسوكتەك ئاقىرىپ كەتكەن قارىغايلار، بىلىنگچە سۇغا چېلىشىپ تۇرىشاتتى.

قانچىلىك ياتقىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا ئايالىم بېقىنىمدىن نوقىدى:

— زاۋال ۋاقتى بولدى، ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. مەن تۈگمەن تېشىدەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىمنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردۇم، دېگەندەك قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئايالىم يۇيۇلغان كىيىملەرنى يېيىۋېتىپتۇ. ھارغىنلىقتىن بولسا كېرەك، ھەرىكتى شۇنچە ئاستا، پۇت ـ قولى قولاشمايدۇ. بۇ تۇرقىغا قاراپ شۇنچىۋالا كىرلارنى ئۇنىڭ يۇغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. تۇرمۇش دېگەن ئاجايىپ نېمىكەن، ساڭا ھەممىنى بەرگەندەك قىلىدىكەنۇ شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە سەندىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تۇيدۇرماي ئېلىۋالىدىكەن. بۇ بىچارە بىر چاغلاردا ئاجايىپ لىۋەن، شوخ قىز بولىدىغان، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى تالىشىپ پىچاقلاشقانلارمۇ بولغان. قاچان مەن بىلەن توي قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆيۈم، بالام، نەۋرەم دەپ يۈرۈپ تۈگۈشۈپلا كەتتى. ئۇنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقان ۋاقتىمىزدا تويدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە بىر بېرىپ، ساۋاقداشلىرى، ئۇستازلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئارزۇسى بولىدىغان، مەن ئۇنى قاندۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن، ۋاقتىنى، ماڭار يولىنىمۇ بېكىتىپ، كۆرۈشىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىنىمۇ تۇرغۇزۇپ بولغان. بىرىنچى قېتىم ئاپىرىشنى نىيەت قىلغان يىلى تۇنجى قىزىم گۈلقىز تۇغۇلدى. چوڭ بولۇۋالسۇن دېدۇق، يەنە بىر يىلنى نىشان قىلىپ بېكىتتۇق. بۇ يىلى تۇمارىس تۇغۇلدى. ئۇنىمۇ چوڭ بولۇۋالسۇن دېدۇق، ئوغۇز يار تۇغۇلدى. ئوغۇزيار قۇچاقتىن چۈشۈپ بولغۇچە باللارنىڭ ئالدى مەكتەپكە كىردى. چوڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن قازا قىلىشقا باشلىدى. ھازىدار بولۇپ تۇپراق بېشىنى چۆرگىلەشكە باشلىدۇق. كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. «بوسۇغا داۋان» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن كونىلار، بولۇپمۇ بىز خەقنىڭ بوسۇغىدىن ئاتلىشىمىز ھەقىقەتەن تەس ئىكەن. بالام، ئۆيۈم دەپلا يۈرۈپ، بۇ ئالەمنىڭ قىزىقلىقىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىدىكەنمىز ... بۇ يىل يازدا ئۇنى ئۈرۈمچىگە، ھەتتا ئىلىغىچە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىمەن. ئۆينى ئوغرى كۆچۈرۈپ كەتمەس. بىر پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلىدى. بىز زىيالىي خەقنىڭ 60 تىن ئۆتمىكىمىز تەس. بۇ خىيالىم ئىدى. ئاۋازىم ئۈنلۈك چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك ئايالىم بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى.

— ماڭا گەپ قىلدىڭىزما؟

— ياق، ھەئە.

— نېمە دېدىڭىز، ئاڭلىيالمىدىم، مۇشۇ كۈنلەردە قۇلىقىم ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدىغۇ ئەجەپ، — ئايالىم ئەڭ ئاخىرقى بىر دانە ئىشتاننى سىمغا يايدى.

— ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئويناپ كېلىشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمەن.

— نېمىنداق زاۋال ۋاقتىدا ئۈرۈمچى يادىڭىزغا كېلىپ

قالدى؟ چۈش كۆردىڭىزمۇ يا؟

— ياق، راست گەپنى قىلىۋاتىمەن. مەن بۇ ھەقتە 32 يىلنىڭ ئالدىدا ساڭا ۋەدە بەرگەن. ھازىرغىچە ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. مەن بىلىمەن، سەن ئۇرۇمچىدە 3 يىل ئوقۇغان. ئۇ يەرگە مۇھەببىتىڭ كۈچلۈك، بۇ يىل چوقۇم ئاپىرىمەن.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىغانسىز، قېرىغاندا ئۇ يەرلەرگە بېرىپ نېمىمۇ قىلارمىز؟

— نېمە قىلارمىز دېگىنىڭىزمۇ گەپ بولدىمۇ؟ قىلىدىغان ئىش كۆپ. ئوينايمىز، كۈلىمىز، ساۋاقداشلار بىلەن كۆرۈشىمىز. كېسىلىڭنى چوڭ دوختۇرخانىلاردا داۋالىتىمىز، يەنە ...

ئايالىم كۆزنىگە لۆممىدە ياش ئالدى.

— ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇمىغىنىڭىزغا رەھمەت، — ھاياجانلانغانلىقىدىن بولسا كېرەك، گەپ قىلىشقا نەپىسى تەس يېتىشىۋاتاتتى، — نېسى ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن، نەق گەپنى قىلىشايلى، كۆڭلىڭىز نېمە تاماق تارتىدىكىن؟

— بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە توكمۇ يوق. بۇ چاقىچە ھېلىقى نىجىس سىمنى ئۈزۈۋېتىپمۇ بولدى. شۇڭا كەچلىك بازارغا بېرىپ تاماق يەپ كېلەيلى. سىرتتا بىللە تاماق يەپ باقمىغىلىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ.

ئايالىم ھاياجان بىلەن كۆزلىرىمگە قارىدى. ئۇنىڭ ئۇتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدە مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرىنىڭ لىغىلداپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

توكنىڭ بۇنداق مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى، ھەتتا روھىمىزنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە رام قىلىۋېلىپتۇ. ئۇ بولمىسا بىز ھېچ ئىش قىلالمايدىكەنمىز. مانا توكنىڭ ئۈزۈۋېتىلگىنىگە ئۈچ كۈن بولدى. بۇ ئۈچ كۈن ماڭا ياشاپ بولغان پۈتۈن ئۆمرۈمدىن ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. ھەممە يەرنى جىمجىتلىق قاپلىغان. ئۆيدىكىلەر ئۇنتۇرۇۋاتقان قىمارۋازدەك، بىر - بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىپ ئولتۇرۇشقان. ئۇخلاي دېسەڭ كېچە ئۇزۇن. گەپلىشىپ ئولتۇراي دېسەڭ پىگىلىق يوق. ھەر قانچە زورۇقساڭمۇ گەپ بىر دەمدىلا تۈگەپ قالغان ... مەن خىيالدەك ئۇزۇن بۇ كېچىلەردە تاڭنىڭ تېزرەك ئېتىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋېتىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ توك يوق شارائىتتا، شۇنچە ئۇزۇن تارىخنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ياشاپ كەلگىنىنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم.

ھېلىقى كىشى توغرا ئېيتقانىكەن. مەن ئاخىرى غورورۇمنى بىر يەرگە قايرىپ قويۇپ، توك باشقۇرۇش ئىدارىسىگە باردىم. ۋېۋىسكا ئېسىلمىغاچقا بىر قانچە ئىشىككە دوقۇرۇپ يۈرۈپ پۇل تاپشۇرىدىغان جاينى ئاخىر تاپتىم. ماڭا ئوخشاش دەسلەپ ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپ، كېيىن بۇرنىغا يىگەندىن كېيىن گۇناھىنى تونۇغانلار ئاز ئەمەسكەن. قاتارغا قوشۇلدۇم. كۆزۈمگە ھېلىقى كىشى كۆرۈندى. مەن نوپۇس كىنىشكىسى بىلەن ئىككى يۈز يۈەن پۇلنى ئۈستەلگە قويدۇم. ھېلىقى كىشى مۇغەمبەرلەرچە كۈلدى:

— قانداق؟

— مۇشۇنداق.

— مۇشۇنداق بولماقچىدى.

مەن گەپ قىلمىدىم. ھېلىقى كىشى نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ پۇلنى تارتمىغا سىرىپ چۈشۈرىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر تارتمىدىن پۇلىشىپ كەتكەن بىر تال تالوننى ئېلىپ ئۈستەلگە تاشلىدى، ئۇ ئالدىنقى كۈنى بىزنىڭ ھويلىدا سۇپىغا تاشلىغان تالون ئىدى. ئۇنىڭ مېنىڭ ھامان ئالدىغا كېلىدىغانلىقىمنى مۆلچەرلەپ، ئايرىم ئېلىپ قويغىنى ئېنىق ئىدى.

— توك بۈگۈن كەچتىن باشلاپ بېرىلىدۇ.

مەن بۇرۇلۇپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتكەن يىلى قىشتا دەم ئېلىشقا چىقتىم. ئايالىمنى ئۇرۇمچىلا ئەمەس، شىنجىڭنىغىچە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلدىم. «كۆرگەن كۆزدە تۇرماس، يىگەن ئېغىزدا» دېگەندەك نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈپ، كۆپ قىسمىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. لېكىن تا ھازىرغىچە ئاشۇ بىتەلەي قارىغاي بىلەن ھېلىقى كىشىنىڭ مۇغەمبەرلەرچە كۈلكىسىنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدىم. قارىغاندا ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمىغۇدەكمەن.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

تۇرسۇن غوجىئابدۇللا

# ئەجداد ۋە ئەۋلاد

(ئېپىك نەسر)

## چوپان

ئاسمان كۆپكۆك، زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال سەبىي نەۋرىسىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان، تېرەك ياغىچىنى تايىنىۋالغان هالدا توپىلىق يولنى كېچىپ، ئەجدادلارنىڭ «تۇپراق بېشى» غا قاراپ كەلمەكتە ... ئۇلار بىر قەدىمىي قەبرە يېنىدا توختاشتى. چال دۇئا قىلغاندىن كېيىن، قەبرە ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلاندى. قەبرە بېشىدىكى خادىنى ئۈچ قېتىم لىڭشىتتى. نەۋرىسىنىڭ هەيرانلىقتا تۇرغۇنلۇقتىن تەۋرىگەن هوشى، ئاق كەپتەردەك ئاقىرىپ، قانات - قۇيرۇقىنى چىقاردى. خادا ئۈستىدىكى تولۇمچىنى كۆرۈپ غەلىتە هېس قىلدى - دە، چالدىن سورىدى.

— بوۋا، ئاۋۇ تولۇمچە نېمىشقا ئېسىپ قويۇلغان؟

— هە، تولۇمچىمۇ؟ ... سېنىڭ قاسىم ئاخۇن قويچى ئىسىملىك بۇ ئالتىنچى بوۋاڭ بۇرۇن ئادەم ئىز باسمايدىغان بۇ يەردە باينىڭ قويلىرىنى باقىدىكەن. بىر كۈنى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر قۇشنىڭ ئاغزىدىن، بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقچىسى چۈشۈپ قاپتۇ. بوۋاي ئۇ ئۇرۇقچىنى كۆرۈپ سىنەكىمىگەن هالدا دۆڭ باغرىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. كۈز كۈنىنىڭ بىرىدە دۆڭ باغرىغا يېقىن جايدا قويلارنى ئوتلىتىۋېتىپ قارىسا، كۆزىگە يېشىل تاغدەك بىر چىمەنزارنى چېلىقتۇرۇپتۇ. ئۇ دۆڭ باغرىغا كېلىپ يەتتە غولاچ ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلۇپ ياتقان تاۋۇز پىلىكىدە، قۇچاق يەتمەيدىغان چوڭلۇقتىكى ئون بىر دانە تاۋۇزنى كۆرۈپ، كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى بىر تاغارغا بەش تاۋۇزنى قاچىلاپ، ئېشىكىگە ئارتىپ يامۇلغا ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ. ئامبالغا هېلىقى تاۋۇز هەققىدىكى ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. خۇشال بولغان ئامبال ئۇنىڭغا ئالتۇن ئىنئام قىپتۇ. يولباشچى قىلىپ تەيىنلەپ هاشار تەشكىللەپ، بىر ئاي ئىچىدە دۆڭ باغرىنى بويلاپ بىر تۈز زېمىن ئېچىپتۇ. ئامبال يامۇلغا قاراشلىق ئاهالىلەرنىڭ ئۈچ ئوغلى بولسا بىرنى، بەش ئوغلى بولسا ئىككىنى بۇ يەرگە يەرلىشىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. كۆپ ساندىكى يىگىت - قىزلار يۇرتىدىن ئايرىلىشقا قىيالماي، ئاتا - ئانىلارنى تەڭلىككە سېپتۇ. ئۇلارنىڭ غەم دەرياسىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر دانىشمەن:

— باللىرىم بۇ ئالتۇن تاۋاقلىق زېمىن. ئەجىر قىلساڭلار بەرىكەتلەر تىلسىماتلىق سىرىنى ئاشكارىلاپ، نۇرغۇن بايلىقىقا ئېرىشتۈرىدۇ. بىر پەلەكتە ئادەم ئەقلى يەتمەيدىغان خىل تاۋۇزدىن ئون بىرسى چۈشكەن تۇرسا، «ئەچكۇ تېپەرمۇ، سۈت ئۆرلەرمۇ» دەپ ئولتۇرماي «تەۋەككەل قىلىپ، يول ئالامسىلەر» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشەنچ بىلەن كۆچۈشكە باشلاپتۇ. دانىشمەننىڭ «تەۋەككەل» دېگەن سۆزى «تەۋەككۇل» دەپ ئۆزلىشىپ، ئۇ يەرنىڭ تۇغۇللۇك لەۋھەسى بوپتۇ. دەسلەپتە كۆچۈرۈلگەنلەر دۆڭ باغرىدىكى يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، «هۇڭ» دەپ نام بېرىلىپتۇ. بۇ «يۇقىرى» دېگەن ئىستىمال

مەنىسىدە قوللىنىلىپتۇ. ھازىرقى «تارىغىل» دېگەن جاي، خوتەننىڭ «تاشىغىل» دېگەن يېرىدىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى، «بۇرزان» دېگەن جاي، باغچا بازىرىدىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى، «توساللا» دېگەن جاي توساللا يېزىسىدىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى «شەھەر بويى» دېگەن جاي، شەھەر ئەتراپىدىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى، «يورۇڭقاش» دېگەن جاي يورۇڭقاش بازىرىدىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى كۆرسىتىدىكەن.

قويچى بوۋاڭ بۇ يەردە ئۆي - زېمىنغا ئېرىشكەندىن كېيىن، قوي بېقىشنى زادى تاشلىماپتۇ. ئۇ: «— مېنىڭ چوپانلىق ھاياتىم خەلقنى زور بەختكە ئېرىشتۈردى، مەن بۇ ئۇلۇغ كەسىپنى سۆيىمەن. ۋاپاتىمدىن كېيىن قەبرە بېشىمدىكى خادىغا بىر تۇلۇمچە ئېسىپ قويۇڭلار، ئەۋلادلىرىم شۇ تۇلۇمچىدىن مېنىڭ چوپان ئىكەنلىكىمنى بىلەلەيدىغان بولسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن، بۇ تۇلۇمچە شۇڭا ئېسىپ قويۇلغان.

## دېھقان

ئاسمان كۆپكۆك، زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال ئىككىنچى قەبرىگە يېتەكلىدى. قەبرىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ، خادىنى ئۈچ قېتىم لىڭشىتتى. يانچۇقىدىن بىر سىقىم بۇغداي ئېلىپ تۇپراق ئۈستىگە چاچتى. ھەيران بولغان نەۋرىسى سورىدى:

— بۇ قەبرىدىكى كىشى كىم؟ بۇغداي چېچىشتىكى سەۋەب نېمە؟ بۇ سىر خىل گۈللەر نېمە ئۈچۈن ئۈستۈرۈلگەن؟

— بۇ قەبرىدىكى كىشى بەشىنچى بوۋاڭ، ئىسمى ياسىن ئاخۇن يولۋاس. ئۇ مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كۆپ بوز يەر ئېچىپ، نۇرغۇن ئورمان ئەھيا قىلىپ، بۇ قەدىمىي جاڭگاللىقنى بوستانلىققا ئايلاندۇرغانىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ يولۋاستەك بەستىگە ھەم كۈچىگە قايىل بولۇپ، «يولۋاس» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتاپتۇ. ئۇ ھاياتلىقنى قەدىرلەپ، جانۋارلارغا رەھىم - شەپقەت قىپتۇ. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە ھەر كۈنى بىر قاچا دان چېچىپ قويۇپتۇ. چالا - پوكان قالغان ئۇچار قۇشلار ئۇ دانلارنى يەپ خۇشال - خۇرام سايراپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ياتسىرماي ئۇچىشىدىغان، ھەربىكىتىدىن دېھقانغا چەكسىز مېھرى - مۇھەببىتى بارلىقنى ئىپادە قىلىشىدىغان بوپتۇ. ئۇ ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغاچقا، 128 يىل ئۆمۈر كۆرۈپتۇ. مېھرىبان، سېخى، چېۋەر ئۇ بوۋاڭ «ھاياتىمدىن كېيىن تۇپراق بېشىمغا ھەر خىل گۈللەرنى ئۈستۈرۈڭلار، ئەۋلادلار ھاياتىمنىڭ گۈلدەك ئۆتكەنلىكىدىن سۆيۈنسۇن، دان چېچىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار، مەندىن نەپ ئېلىپ كۈنۈپ كەتكەن چۈپقاتلىرىم مېنى قەبرەمدىن ئىزدەپ تاپسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. بوۋاڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەن، بوۋاڭنىڭ قاناتلىق تۇققانلىرىنىڭ تېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەپتە - قارا دان چېچىپ تۇرۇۋاتىمەن.

## بوياقچى

ئاسمان كۆپكۆك، زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال ئۈچىنچى قەبرىگە يېتەكلىدى، خادىنى ئۈچ قېتىم لىڭشىتتى. قەبرە ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلاندى. نەۋرىسى توختاۋسىز لەپىلدەپ تۇرغان، رەڭگا - رەڭ پۇرۇچلاردا تىكىلگەن خادىنىڭ قاقشال پۇتاقلىرىغا قادالغان بايراقلارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. چال دۇئادىن قول چۈشۈرگەندىن كېيىن سورىدى:

— بۇ رەڭگا - رەڭ بايراقلارچۇ؟

— ھە، بايراقلارنى دەمسەن؟ بۇ قەبرىدىكى ئۈچىنچى بوۋاڭ، ئىسمى ئابدۇللاخۇن ئاق. ئۇ ئاق كۆڭۈل بولغاچقا

ھەم ئاق رەڭنى ياخشى كۆرگەچكە كىشىلەر ئۇنى «ئاق» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتاپتۇ. ئۇ توقۇمىچىلىقتا ئۇستا ئىكەن. مەشۇتتە ھەر خىل كۆركەم ئەتلەسلەرنى، يىپەك - گەزلىمىلەرنى، توقۇغان ئىكەن، خاملارنى يەتتە خىل رەڭدە ئاجايىپ كۆركەم بۇيايدىكەن. كۈندىن - كۈنگە كۆجۈملىشىشكە باشلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆي بىساتلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى ئۇنىڭ گۈلدەك قولى بىلەن رەڭلىنىپتۇ. «مەن ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، تۇپراق بېشىمدىكى خادىغا رەڭگا - رەڭ بايراقلارنى قاداپ قويۇڭلار، ئەۋلادلار بۇ يۇرتتىكى تۇنجى بوياقچى ئىكەنلىكىمنى بىر قاراپلا بىلەلەيدىغان، ئىلھام ئالالايدىغان بولسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ. شۇڭا بايراقلار ھەر يىلى رامزان ئېيىدا باشقىلار تەرىپىدىن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. قانداق ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟

## ياغاچچى

ئاسمان كۆپكۆك، زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال تۆتىنچى قەبرىگە يۆتكەلدى، ئۇ سالاسۇن قويۇلغان بۇ قەبرىنىمۇ يەتتە قېتىم ئايلاندى. خادىنى ئۈچ قېتىم لىڭشىتتى. دۇئا قىلدى. «ئەمدى نېمە دەيسەن؟» دېگەن نەزەردە قاراپ تۇرغان چالدىن نەۋرىسى سورىدى:

— بۇ گۈل نەقىشلەپ ياسالغان سالاسۇنچۇ؟

— بۇ ئۈچىنچى بوۋاڭ، ئىسمى خالىق ئاخۇن خارەت. ئۇ بۇ يۇرتتىكى تۇنجى ياغاچ ئۇستىسى ئىكەن. كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ، «خارەت ئۇستام» دەپ چاقىرىدىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى ھەق تالىشىپ ئولتۇرماي قىلىپ بېرىدىكەن. مەكتەپ، دوختۇرخانا، ئۆتكۈنچى يوللاردىكى كۆۋرۈكلەرنى ھەق ئالماي سېلىپ بېرىدىكەن. شۇڭا مامات كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا:

«— قەبرەمگە نەقىش ئويۇپ سالاسۇن ئېتىپ قويۇڭلار، كېيىنكى ئەۋلادلار مېنىڭ ياغاچچى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن، شۇڭا بۇ قەبرىگە سالاسۇن قويۇلغان.

## باغۋەن

ئاسمان كۆپكۆك، زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال بەشىنچى قەبرىنىمۇ يەتتە ئايلاندى. خادىنى ئۈچ قېتىم لىڭشىتتى. نەۋرىسى خادىنىڭ پۇتاقلىرىغا چېگىلگەن قىزىل رەڭلىك، «يۈرەك» شەكىللىك تۇمارچىلارنى كۆردى. دۇرۇت ۋە دۇئاسىنى تاماملىغان چالدىن ئويچان نەزەردە سورىدى:

— بۇ قەبرىدىكى كىم، خادىغا تۇمارچىلار نېمە سەۋەبتىن چېگىپ قويۇلغان؟

— بۇ قەبرىدىكى كىشى سېنىڭ ئىككىنچى بوۋاڭ. ئەل ئېغىزىدىكى ئىسمى ھوشۇر مۇئەللىم، شەرەپلىك ئىسمى «باغۋەن». ئۇ يۇرتتىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىگە مەرىپەت نۇرىنى چاچقان مەشئەل ئىكەن ۋە جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلغان پەرۋىشكار باغۋەن ئىكەن. ئاڭلىشىمچە ئۇنىڭ تەرىپىنى تىل بىلەن سۆزلەپ تۈگەتكىلى، يېزىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىكەن. ئۇ ساۋاتسىزلار كۆپ، مەدەنىيىتى قالاق كىشىلەرنىڭ ئويغىنىپ، مەرىپەتكە ئىنتىلىشىگە ئۆز يېنىدىن مەبلەغ چىقىرىپ مەكتەپ ئاچقان. ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن تىرىشىپ پارلاق يول ئاچقان، يۈرەك قېنىنى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا شەخسىيەتسىز سەرپ قىلىپ، زور تۆھپىلەرنى ياراتقان. سېنىڭمۇ خۇشال - خۇرام ئوقۇيالىشىڭنى ئەنە شۇ باغۋەن بوۋاڭنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن مال - دۇنيا مىراس قالمىغانىكەن، ئۇ ئاچقان مەكتەپ،ئۇ تاراتقان ئىلىم نۇرلىرى بىزگە مەڭگۈلۈك مىراس

قالغانىكەن، ئۇ:

— «ۋاپاتىمدىن كېيىن تۆپراق بېشىمدىكى خادىغا قىزىل تۇمارچىلارنى تىكىپ ئېسىپ قويۇڭلار، ئۇ قىزىل تۇمارچىلار مېنىڭ ۋە باشقا شەخسىيەتسىز جاپاكەش باغۋەنلەرنىڭ ئەۋلادلارغا تەلپۈنگەنلىكىنىڭ، زور ئىشەنچ ۋە ئۈمىد باغلىغانلىقىنىڭ سىمۋولى بولسۇن، ئەۋلادلار بىر قاراپلا بىزنىڭ خەلق ئۈچۈن توختاۋسىز قان سەرپ قىلغۋاتقان، مەڭگۈ سوقۇپ تۇرۇۋاتقان يۈرىكىمىزنى كۆرسۇن» دېگەن ۋەسىيەتنى قالدۇرغانىكەن. بۇ تۇمارچىلار بوۋاڭنىڭ شۇنداقلا مىڭلىغان، مىليونلىغان جاپاكەش، پاك دىللىق باغۋەنلەرنىڭ ئۆزى ۋاپات بولغان بولسىمۇ نامى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىنىڭ روشەن سىمۋولى ھەم ئۆز ئەۋلادلىرىدىن قانچىلىغان ئوتلۇق تىلەكلەرنى تىلەيدىغانلىقىنىڭ دەللىي. شۇڭا بۇ خادىغا تۇمارچىلار چېكىپ قويۇلغان.

## مىليونېر

ئاسمان كۆپكۆك، زېمىنمۇ شۇنداق ...

چال ئۇقەبرىگە ياندىاش گۆر يېنىغا يۆتكەلدى. زوكزىيىپ ئولتۇرۇپ گۆر ئاغزىدىن ئىچكە ئېڭىشىپ ئۇزۇن قاراپ تۇردى. بىر دەمدىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ نەۋرىسىگە قارىدى.

— مەن سېنىڭ بىرىنچى بوۋاڭ، كىشىلەر مېنى «مىليونېر» دەپ ئاتىشىدۇ، بۇ ئاتاق مېنى ھەرگىز كۆلدۈرەلمەيدۇ. ئەۋلادلىرىم ئۈچۈن ئازراق پۇل ئىشانە قىلغانلىقىم، يۇرتقا مەكتەپ، دوختۇرخانا سالغانلىقىم، نامراتلارغا يار - يۆلەكتە بولغانلىقىم، يېتىملەرنىڭ بېشىنى بىلەر - بىلمەس سىلاپ قويغانلىقىم كۆڭلۈمدىكى نۇرغۇن ئارمانلىرىمنىڭ ئاللىقانچىلىك تەرىپى. ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى دەريا ئۆركىشىدەك ئۆركەشلىتىشكە ئاجىز كەلمەكتىمەن. داداڭ بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇنىڭ قورسىقىنى پۇل ئىسىپ، يامانلارغا يولۇقۇپ چىرىپ، «ئاق ئالۋاستى» چېكىپ، ئارزۇيۇمنىڭ ئەكسىنى قىلىپ، گۈلدەك ھاياتىنى خازان قىلىپ، ئادالەت سوتىدا سوتلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ئەي ئوغلۇم، بارچە ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى ساڭا باغلىدىم. داداڭدىن ئاچچىق ساۋاق ئالدىڭ. ئەجدادلىرىڭنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، كۆڭۈل ئاسمىنىڭدا ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئەتتىڭ. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ھاياتىدىن، ئۆتۈق - تۆھپىلىرىدىن، ئەقلىي - قۇدرىتىدىن، ۋەسىيەت قىلىپ خادىلىرىدا قالدۇرغان نام - نىشان ۋە بەلگىلىرىدىن زور تەسىرات ئالدىڭ. ساڭا ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئەتكۈزۈش ئۈچۈن، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن بۇ ۋەتەننىڭ كىملەر بىلەن، قانداق قىلىپ بۈگۈنكىدەك ئاۋاتلاشقانلىقىنى، زور بايلىقلارنى قانداق قوللار ياراتقانلىقىنى، بىزنىڭ تەييارغا ھەييار بولۇۋاتقانلىقىمىزنى، ئۇلار قىلغان ئىشنىڭ ئۇننىڭ بىرىنىمۇ قىلماي، ئويۇنغا، كەيىپ - ساپاغا بېرىلىپ، ئىشلىمەي چىشلەشنى ئارزۇ قىلىپ چىرىپ، زەئىپلىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلغانسەنمۇ؟ ئوغلۇم، بىر پۇتۇم مۇنۇ گۆرۈمگە ساڭگىلىدى. پۇلۇم كۆپ بولغىنى بىلەن مال - مۈلۈككە تەۋە نەرسىدىن كالتە ئىشتانغا چاغلىق نەرسىنى بىللە ئېلىپ كېتەلمەيمەن، قارا، بۇ گۆرگە ئۆزۈم ئازانلا ياتىمەن. شۇڭا ساڭا ۋەسىيەت ھەم نەسىھەت قىلىمەن سېنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن يۈز مىڭ يۈەن قالدۇردۇم. ئۇ پۇل بىلەن تىجارەت قىلمايسەن، ئىلىم - پەن ئۈچۈن خەجلەيسەن. كىلاسسىكلارنىڭ، ھازىرقى زامان داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇغىن. زامانىمىزنىڭ ئېھتىياس خادىمىغا ئايلانغىن. قەلبىڭدە ناچار ئىللەت بولسا تۈزەت. تۇنجى بوۋاڭ بايقىغان، باشقىلار «تەۋەككەل» دەپ كۆچۈپ كەلگەن «تەۋەككۇل» ئىسىملىك بۇ ئانا يۇرتۇڭنى يۈكسەك بىلىمىڭ بىلەن گۈللەت! ...

تەھرىرى: **مەتسېلىم مەتقاسىم**

www.uyghurkitap.com

# ئانا ـ بالا مۇھەببىتى

(ھېكايە)

لىئام ئەۋفلەخەتى (ئىرلاندىيە)

ئىنگلىزچىدىن ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام تەرجىمىسى

سائەت ئەمدىلا بەش بولغان بولسىمۇ ھەر يىلقى باھار كۈنلىرىگە ئوخشاش، قۇشلار يېقىملىق ئۈندە سايرىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئۇخلاشقا دەۋەت قىلىشماي تۇرۇپلا كەچ كىرىشكە باشلىغان ئىدى. بەلكىم ئۇلار ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئۆز ئارا ھېكايە ئېيتىشىۋاتىدىغاندۇ، شۇ تاپتا پۈتۈن مەھەللە تىمتاسلىققا چۆككەن، بىر كۈنلۈك ئىتىز ئەمگىكىدىن تالجىققان ئەرلەر كۈن ئولتۇرۇشى بىلەنلا دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى چىقىپ كېتىشكەن، ئاياللار بولسا قورام تاشلىق ئارىسىدىكى ئوتلاقتا ئىنەكلىرىنى ساغقىلى كېتىشكەن ئىدى.

سىرگىدگىل ھويلىدا تەنھا ئولتۇرۇپ ئوغلىنىڭ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ كېلەر ۋاقتى بولغىلىمۇ بىر سائەت بولاي دېدى. ئۇ بۇ يىل ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىردى. ئانا ئۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر بالىسى ـ دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بالا بەكلا كەپسىز بولۇپ، بەزىدە مەكتەپتىن قېچىپ چىقىپ سىرتتا چاتاق تېرىپ قوياتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى بولسا مەھەللىسىدىكى بالىلار بىلەن ئۇششاق بېلىقلارنى تۇتۇپ ئوينايمىز، دەپ يەنە مەكتەپكە بارمايتتى ياكى بولمىسا مەھەللىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاشلىققا ئۆتۈپ «قەلئە» ياساپ كۈننى كەچ قىلاتتى. ئانا ئوغلى كەلگەندە تازا بىر ئەدەبلەپ قويۇشنى ئويلىدى. ئارقىدىنلا يەنە نېمىشقىدۇر يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى ـ دە سىرتقا قولاق سالدى. ئاندىن ئىشىككە يۈگۈرۈپ بېرىپ، شامالدا توپا توزۇپ تۇرغان يولغا قارىدى. سىرتتا گۈگۈم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغان ئىدى. ناۋادا بۇ شۇمتەك بىرەر پىشكەللىككە ئۇچراپ قالغان بولسا ئانا قانداقمۇ قىلار؟

ئانا ئوغلىنىڭ قۇرۇتۇلغان بېلىق قوشۇپ ئېتىلگەن كەچلىك تامىقىنى سوۋۇپ قالمىسۇن دەپ ئوچاق بېشىغا قويۇپ قويغان ئىدى. شىرە ئۈستىدە يەنە تەخسە، پىچاق ۋە كىچىك بىر قاچىدا مايسىزلاندۇرۇلغان سۈتمۇ بار ئىدى. ئاخىر ئۇ مەكتەپتىن يانغان بالىلارنىڭ چوقۇراشقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە ئىتتىك ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ، يولنىڭ گاھ ئۇ چېتىگە، گاھ بۇ چېتىگە يۈگۈرۈشكەن پېتى، شەپكىلىرىنى قوللىرىدا كۆتۈرۈشكىنىچە تاشلىق يولدا سەكرىشىپ كېلىۋاتقان بالىلارنى كۆردى.

«خۇداغا شۈكرى!» دېدى ئانا ئىچىدە، ئاندىن بىردىنلا ئاچچىقى كېلىپ قالدى ـ دە قولىغا بىر تال قۇرۇپ قالغان سۆگەت چىۋىقىنى ئېلىپ، بوسۇغا ئالدىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئۆزىنىڭ كىچىك سىتىفىنىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

بالا نېمىدىندۇر قورقۇمسىرىغاندەك ئاستا قەدەم ئېلىپ ھويلىغا كىردى ۋە كۆكتاتلىقنىڭ يېنىدىكى سېمونت رىشاتكىدىن ئۆتتى. ئۇ سول قولىدا سومكىسىنى، ئوڭ قولىدا شەپكىسىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. چىرايى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۈچىسىدىكى كۆلرەڭلىك تىۋىتلىك كالتا ئىشتان بىلەن كۆك يۇڭ پوپايكا بەدىنىگە چىپلا كەلگەن ئىدى. پۇتلىرى يالاڭئاياق بولۇپ تاپىنىغا لاي قېتىش ئەخلەت ـ چاۋالار چاپلىشىۋالغان ئىدى. يۈزلىرى تەرلەپ، ئادەتتە مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان چوڭ زەڭگەر كۆزلىرى بىر ئاز چەكچەيگەن بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك قىلاتتى.

ئاخىر ئۇ تىمىسقىلىغاندەك مېڭىپ ئۆينىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كەلدى ۋە بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى ئاشخانىغا كىردى. ئانا ئورنىدىن چاچراپلا تۇرۇپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتىۋىدى ئۇ چىرقىرىغان ھالدا سومكىسى بىلەن شەپكىسىنى يەرگە تاشلاپلا ئانىسىنىڭ پەرتۇقىغا يۈزىنى چاپلاپ تۇرىۋالدى. ئانا ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ قولىدىكى چىۋىقنى كۆتۈردى ـ يۇ، قورقۇپ تىترەپ تۇرىۋاتقان ئوغلىغا قاراپ ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. قولىدىكى چىۋىقمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئوغلىنى باغرىغا باسقىنىچە، جانىقىدىن ئېقىپ چىققان كۆز ياشلىرىنى تۇتۇۋالالماستىن ئوغلىنىڭ مەڭزىلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى.

— ساڭا زادى نېمە بولدى؟ نېمە ئىش بولدى؟ ... ئاھ تەڭرىم! بىزنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! ... سېنى ئۇراي دېسەممۇ قولۇم بارمايدۇ، سەن بىئارام يۈرىكىمنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتىڭغۇ مېنىڭ ...

جەنۇبى ئەدەبىياتى

بالا بېشىنى ئانىسىنىڭ كۆكسىگە ياققان پېتى ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— نېرى تۇر! — دېدى ئانا ئوغلىنى ئىتتىرىپ، — بېرىپ تامىقىڭنى يە. ئەتىلىككە داداڭ سېنى تازا بىر ساۋداپ قويمىسا بولمىغۇدەك. مەن ھېمىشە سېنى ئاۋايلاپ، داداڭدىن سېنى ئۇرماسلىقنى ئۆتۈنۈپلا كەلدىم. ئەمدى بۇ قېتىم سەن ئۈچۈن گەپ قىلىدىغان ئاغزىم يوق ... سەن يۈرىكىمنى زېدە قىلىۋەتتىڭ، راست، زېدە قىلىۋەتتىڭ! ماڭ، بېرىپ تامىقىڭنى يە!

ئانا ئوغلىنىڭ تامىقىنى تەخسىگە ئۇسۇپ بولۇپ ئۇنى ئورۇندۇق تەرەپكە ئىتتىردى. بالا بىر ھازا ماي تارتىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ تامىقنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلىدى. چىرايىمۇ ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ، ئورۇندۇقنى سەل مىدىرلىتىپ ئازادە ئولتۇردى. ئۇ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن خوش بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەمدى ئانىسىدىن قورقۇشلىرى ۋە دادىسىدىن يېمەكچى بولغان تايىقىنىمۇ پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقارغان ئىدى. ئانا بولسا ئىشىك تۈۋىدە پوپايكا توقۇغاچ، قارا قاشلىرى ئاستىدىكى مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئوغلىغا تىككىنىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى.

شۇ تاپتا ئانىنىڭ بايىقى ئاچچىقىمۇ نەلەرگىدۇر غايىب بولغان بولۇپ، ئوغلىنى ئەدەبلەش مەسئۇلىيىتىنى ئېرىگە قالدۇرۇپ قويغىنىدىن يەڭگىللەپ قالغاندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىشكە تىرىشاتتى. گەرچە ستىفىندىن مەكتەپتىن نېمىشقا كەچ قالغانلىقىنى سورىماقچى بولغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈنكىن بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماسلىققا تىرىشتى. ھالبۇكى يەنىلا سورىماي تۇرالمىدى.

— نېمىگە ھايال بولدۇڭ ستىفىن؟

ستىفىن ئاخىرقى بىر كاپام تامىقىنى چاينىغاچ قولىدىكى پىيالىنى تۇتقان پېتى ئانىسى تەرەپكە بۇرۇلدى.

— توپ ئوينىغانتۇق، — دېدى ئۇ شوخ ھالدا سۆزلەپ، — كېيىن قىزىل چاچ مىچىل ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ بىزنى قوغلىۋەتتى. بىز بەكمۇ سەت بىر يول بىلەن قاچتۇق ،شۇنداقمۇ ئۇزاق يۈگۈردۇق. بۇرۇن مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان قورام تاشلىقلارغىچە باردۇق.

— مەن ساڭا توپ ئويناپمىز دەپ باشقىلارنىڭ ئېتىزلىقىغا كىرمە دېمىگەنمىدىم؟!

— مەن ئۇ يەرگە ئۆزۈم بارمىدىم ئانا، شۇ باشقا بالىلار بارايلى دەپ تۇرۇۋالغانتى. ئەگەر مەن بارمىغان بولسام ئۇلار مېنى قورقۇنچاق دەپ مازاق قىلىشاتتى. دادام مېنى دائىم سەن ھېچنىمىدىن قورقمايسەن دەيتتىغۇ!

— شۇنداق، سەن پەقەت داداڭنىڭلا گېپىنى گەپ ئېتىسەن، دائىم غېمىڭدىلا يۈرىدىغان ئاناڭنىڭكىنى بولسا زادىلا قۇلىقىڭدا تۇتمايسەن، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر سەن قورام تاشلىقلاردا يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتۇڭنى قايرىۋالساڭ مەن قانداق قىلىمەن؟ — ئانا شۇنداق دەپ بولۇپ پەرتۇقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى. ستىفىن ئورۇندۇقتىن ئىرغىپلا تۇرۇپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، ئۇنى بوينىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— ئانا، — دېدى ئۇ تولىمۇ تاتلىق بىر ئاۋازدا، — ئەگەر سەن دادامغا مېنىڭ مىچىلنىڭ ئېتىزلىقىدا توپ ئويناپ كەچ قالغانلىقىمنى دېمىسەڭ ساڭا ئۇ يەردە نېمىنى كۆرگەنلىكىمنى ئېيتىپ بېرەتتىم.

— مەن ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، — دېدى ئانا.

— شۇنداق قىلە ئانا، مەن ئەمدى ھەرگىز كەچ قالمايمەن ھەرگىز، ھەرگىز...

— بولدى ستىفىن، قېنى دېگىنە، ئۇ يەردە نېمىنى كۆردۈڭ قوزام؟

بالا بوسۇغىغا — ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە نېمىكىدۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈۋاتقان ئادەمدەك ئاسمانغا قاراپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن كۆزلىرى بىردىنلا چوڭ ئېچىلىپ، چىرايىدا ئاجايىپ سىرلىق ھەم غەلىتە بىر ئىپادە پەيدا بولدى.

— ئانا، مەن ئۇ جايدا ئاجايىپ چوڭ بىر قارا ئاتنى كۆردۈم، — دېدى ئۇ، — ئۇ ئاسماندا، بىزنىڭ بېشىمىز ئۈستىدە ئۇچقاندەك چېپىپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن مەندىن باشقا بالىلار ئۇنى كۆرمەي قالدى. مەنمۇ ئۇلارغا ئېيتمىدىم. ئۇنىڭ يەتتە قۇيرۇقى، ئۈچ دانە بېشى بار ئىكەن. دۈمبىسى ئاجايىپ چوڭ بولۇپ ھەتتا بىزنىڭ مۇشۇ ئۆيىمىز كۆتۈرۈپ ماڭالايدىكەن، مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، كېيىن ئۇ شۇنداق تېز چاپقىنىچە كېتىپ قالدى، ناھايىتى ئۇزاققا كەتتى ... ئانا، بۇ راستىنلا ئاجايىپ نەرسىكەن؟

— شۇنداقكەن، قەدىرلىكىم، — دېدى ئانا نېمىنىدۇر خىيال قىلىۋاتقاندەك مۆلايىم كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ تۇرۇپ. ئەتراپ شۇ قەدەر جىمجىت ئىدى. كېيىن ستىفىن ئانىسىغا قارىماستىن بايىقى گېپىنى تەكرارلىدى:

— ئەمدى دادامغا دېمەيدىغانسەن، ئانا؟

— ياق، قوزام، دېمەيمەن.

— ئەمسە ۋەدە بەرگىنە.

— جىم! قۇلاق سال، قۇشلار سايرىشىۋاتىدۇ ... مەن داداڭغا ھەرگىز دېمەيمەن ... ئاۋۇ چىرايلىق قۇشقاچنىڭ سايرىشىغا قۇلاق سالغىنە ...

ئانا - بالا ئىككىسى جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇلار قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇشقان ئىدى.

«ئىنگلىز تىلى دۇنياسى» نىڭ 96 - يىللىق 9 - سانىدىن ئېلىندى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

قەيسەر مەمتىمىن (تېكىن)

# تارىخىي ۋە روھىي ئامىلىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن تەرەققىياتىدىكى تەسىرى

يېقىنقى دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىپ، كونا يىپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشىدەك جۇغراپىيىلىك يېتىملىك، مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان روھىي زەئىپلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەپ قويىدى. نەۋائىدىن كېيىنكى تەپەككۇر نامراتلىقى (پىكىر يېڭىلانمىغان، يېڭىلىق يارىتىلمىغان) ھۆكۈم سۈرگەنلىكىدىن جاھالەت تۇمانلىرىغا ئورالغان تۇرغۇنلۇق دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ ئېتىقادتا ئەسلى ماھىيىتىدىن يىراقلىشىپ مەزھەپچىلىك، تەرەپبازلىق (بۆلۈنمىچىلىك)، تەركى - دۇنياچىلىق، سەپسەتە - پەتىۋاچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. سىياسىينىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى، سەزگۈرلۈكى ۋە تەرەققىپەرۋەرلىكى پەسەيگەن، ئىقتىساد چېكىنگەن، مائارىپ بوشاشقان، كىشىلەر بىر خىل بوشاڭلىق، قايمۇقۇش ۋە گاراڭلىق ئىچىدە تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىسلامىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولمىش سوفا - ئىشانلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ ساختا، ناچار تەرغىباتلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مىللىي روھ ۋە مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىغا تەركىدۇنياچىلىق، تار يۇرتۋازلىق، ئىچكى نىزا - پىتنىخورلىق ... ئىللەتلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى زورمۇ - زور سىغداپ كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ شوخ - تېتىك، جەسۇر، مەرد، چىقىشقاق ... خاراكتېرى ئاجىزلاپ، خامۇش - جىمغۇرلۇق، تىرىكباز - تەرەپبازلىق، تەنتەك - بىر تەرەپلىمىلىك، نازۇك - مىشچانلىق ... خاراكتېر ئۇخشىمىغان دەرىجىدە كۈچىيىپ قالدى. ياڭ زېڭشىن، جىڭ شۇرېن، شىڭ شىسەي قاتارلىق سىياسىي ئەپسۇنچىلار، مۇستەبىت ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مىللىتىمىزنىڭ دانىش - سەركىللىرىنى بىر - بىرلەپ قىرىشى ۋە چېقىمچىلىق، خائىن - مۇناپىقلار، چېچىلاڭغۇلۇقتا ئوت يېقىشى بىلەن خەلقىمىز ئېچىمۇ ئۈمىدسىزلىك، ھۇرۇن - بىپەرۋالىق، قەلەندەرچىلىك، سۇلغۇن - پەرىشانلىق... تۇمانلىرىغا ئورىلىپ قالدى. ئۆز ئارا مېھرى - شەپقەت ۋە كۆيۈم ئاجىزلاپ، بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىدىغان، بىر - بىرىنى ساتىدىغان ۋە «يىغا يانداش، بالا قېرىنداشتىن» كېلىشتەك قاباھەتلىك مەنزىرىنى پەيدا قىلدى. روھىي جەھەتتىكى بۇ خىل مەھكۇملۇق، مەدەنىيەت ۋە مۇھەببەتتىكى ياتلىشىش، سىياسىي مۇقىمسىزلىق، ئىقتىسادىي قاششاقلىق مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەنىۋى غالىپلىق خاراكتېرىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. تەپەككۇردىكى قاششاقلىق، پىسخىكىدىكى چېكىنىش ئىرادىنىڭ ئاجىز، غايىنىڭ تۇتۇقلۇقىنى پەيدا قىلغاچقا، ئۇلار «بىز ئىنسان — ئەقىل ئىگىسىدۇرمىز، ھەممىمىز تىلى، دىنى ۋە قېنى بىر بولغان قېرىنداشلارمىز. بىزنىڭ ئۆزىمىزنى سۆيۈش، ھاياتنى قەدىرلەش ھوقۇقىمىز بار» دېگەنلەرنى ئۇيلاپ قويمىدى. شۇڭا خوجىلار ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە، مىللىتىمىز يوقىرىقىدەك روھىي گۇمراھلىقتا دۇچار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ماددىي موھتاجلىق، جىسمانىي سۈپەتتە چېكىنىش، نوپۇس ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىشتەك قىسمەتلەرگىمۇ دۇچ كەلدى.

يېقىنقى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان، مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر تارىخىي پاجىئەلەر، قاباھەتلىك ئۇلانما سىياسىي ھەرىكەتلەر ياشاش ئىقتىدارىمىزنى ئېغىر زەئىپلەشتۈرۈپتۇ: «ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر، ئوچۇق - يورۇق، مېھماندوست خەلق» دەپ قويسا، چاقچاقلىقىمىزنى، ھېسسىياتىمىزنى ناخشا - ئۇسسۇلغان، ئىشقىي - مۇھەببەتكە، ئۇزۇندىن ئۇزۇن قىسسە - رىۋايەتلەرگە ... بېغىشلىۋېتىپ، تارىخسىز قېلىۋاتقانلىقىمىزغا پەرۋاسىز قاراپتۇق؛ پۇت - قولىمىزنىڭ مادارى، كۆزىمىزنىڭ خۇنى كېتىپ قولغا كەلگەن نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى تۇتالماپتۇق؛ بىر-بىرسى ئازراق ساختا ئىزھار، بىچارە چىراي، يالغان كۆلكە ۋە ئۆزرىسىنى ئىپادىلەپ بولغىچە نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەي ئۆيگە باشلاپتۇق، ئۇنىڭغا ئۆز قاياشىمىزغا

ئۆگەتمىگەننى ئۆگىتىپتۇق، يىگۈزۈپتۇق، ھەتتا ئائىلىمىزدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، تېخىمۇ يامىنى ئۆۋەن ۋە ئىنتىپاقسىزلىق ھالەتلىرىمىزنى ئېچىپ تاشلاپتۇق. ئېتىبار كەلسە كىچىك بالا ھېيتلىقتا ئېرىشكىنىدەك شادلىنىپ بىخارامان يۈرۈپتۇق. ئېتىبار بىردىنلا ئاجىزلاشقاندا ئوڭ سېپىمىزنى (ئەس ـ ھوشىمىزنى) تاپالماي ساراسىمىگە چۈشۈپتۇق؛ ئەمما ئۆزىمىز، ئىللەتلىرىمىز، نىشانلىرىمىز ... توغرىلىق ئويلاپ باقماپتىمىز. ياكى ئويلاپ ئويغانقانلارنىڭ دەۋەتلىرىگە قۇلاق سالماپتىمىز. ئاقىۋەتتە پاراسەت قۇرۇقچىلىقى، دىل كۆزىمىزنىڭ غۇۋالىقى بىلەن تەمتىلەپ ماڭالمايۋېتىپتۇق؛ ياش تۇرۇپ نېرۋىلار كاردىن چىقىپ، ھازىر قويغان نەرسىنى ھېلى تاپالمايدىغان، بۈگۈن كۆرگەن ئادەمنى ئەتىسى تونۇمايدىغان، تۈنۈگۈن ئوقۇغان كىتاب بۈگۈن يادىمىزدا تۇرمايدىغان، ياش ئەللىككە بارا ـ بارمايلا ئالجىۋقا سۆزلەيدىغان ياكى كېسەل بولۇپ ئۇ دۇنياغا بالدۇرلا كېتىۋالدىغان، تېز قېرىش ئالامەتلىرى بىزدە ئىجتىمائىيلىششقا باشلاپتۇ.

شۇڭا بىزدە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئالدى 2 ـ يىللىقتا، كەينى 3 ـ ياكى 4 ـ يىللىقتا قەدىم قويۇپ بولغىچە «قېرىدۇق، ۋاي نېمە قىلىمىز ئۆزىمىزنى ئۇپرىتىپ ...» دەپ قاراپ تەۋەككۈلچىلىكلەردىن، تەنھەرىكەتلەردىن، ئەمگەكتىن، ھەتتا ئۇسسۇل ئويناشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، راھەتكە بېرىلىپ جاپادىن قاچىدىغان، مېڭە ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان، ئۇزۇلدۇرمەي قارت، شاھمات، ماجاڭ ... ئويناش، تېلېۋىزور كۆرۈش، شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلىش ئەھۋالى كۆپرەك بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئاخىرى ئانا ماكانىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئەمگەكلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، يۇرت دىيارىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغان مەنىۋى خىزمەتلەردىن ئۆزىنى تارتىدىغان ۋە ئانا ماكانىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى قىلماسلىقتەك پاجىئەلىك مەنىۋى كېسەلدىن تاشقىرى، بەدەن ساپاسىنىمۇ كۆپ تەرەپتىن «ھالسىرىتىپ» بارماقتا.

ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، كىشىنىڭ نەرسىسىنى سەۋەبسىزلا يەۋالىدىغان كىشىلەر «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ» دېگەندەك ئاسانلا ئىشەنچتىن مەھرۇم بولۇپ يەككە ـ يېگانە قالىدۇ ...

چېقىمچىلىق كۆچەيسە، كىشى ئاخىرى بېرىپ ئۆز مىللىتىنى، ھەتتا ئۆز ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنىمۇ سېتىۋېتىشتەك ساتقىن ـ مۇناپىقلىققا يۈزلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم دائىم ۋەھىمە ئىچىدە يۈرۈپ يۈرەكتىن، روھتىن ... كېتىدىغان بولغاچقا، ئۆمرىمۇ قىسقا بولىدۇ ياكى ھاڭگىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز ھالدا ئۆلىدۇ.

پەيلى يامان، تۈز كور، ئىككى يۈزلىمە ئادەم ھامان بىر كۈنى «ئىمانسىزنىڭ ئەدىبىنى دىنسىز بېرەر» دېگەندەك ئەجەللىك دەككىسىنى يەيدۇ.

تىلەمچى، قەلەندەرلەرنىڭ بەدىنى قارىماققا ساغلامدەك، ئۇڭاي كېسەل بولمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ھەممە بىر ئۆمۈر يېمەك ـ ئىچمەك، ماددىي نەرسە يىغىپمۇ بەدىنى راھەتلەنگۈدەك يەپ ـ ئىچىشكە، ھوزۇرلىنىشقا نائىل بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بەدەننى ھەققىي شادلاندۇرىدىغان «روھىيەت» نى تىلىمىگەن، ئۆزىدىكى شۈكرانىلىقنى يوقىتىۋەتكەن ئىدى. يەھۇدىلارنىڭ باشقا مىللەتتىن كەلگەن تىلەمچىگە بارغانسېرى جىق بىر نەرسە بېرىشى، ئەكسىچە ئۆز مىللىتىدىن بىرەر تىلەمچى كېلىپ قالسا، بىر نەرسە بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن كالتەكلەپ ھەيدەپ چىقىرىدىغانلىقى، زاڭزۇ ۋە قازاق خەلقلىرىدە تىلەمچى، ساھىللارنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشى ئۇلارنىڭ مۇشۇ ھەقىقەتنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەنلىكىدە بولسا كېرەك.

بىزدە ئاكيۇۋچە، بەڭگىلەرچە روھىي غالىبىيەتلىك، ئىشنىڭ ئاخىرىدا تەنتەنە قىلماي بېشىدىلا داغدۇغا قىلىپ كېتىدىغان تەتۈرلۈك، ھېسسىياتقا بېرىلىش ۋە بۈگۈننى قويۇپ، ئەتىگە يەنى نەقنى قويۇپ، نېسىگە يامىشىدىغان سادىدا پوچى خاراكتېر مەۋجۇت؛ بىزدىكى دوستلۇقمۇ ئەقىل ۋە دىيانەت بىلەن يۇغۇرۇلمىغاچقا، قارىلاش ۋە ئەخمەقلىق ئۇنى تېزلا نابۇت قىلىۋاتىدۇ ...

ئۇيغۇرلاردا مەدەنىيەت جەمئىيەتنىكى ساۋادىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، سالامەتلىكنى ئاسراش، ۋاقىتنى ۋە ياشلىقنى قەدىرلەش ئېڭى بىر قەدەر تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرماقتا. بۇنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەن ئىرادە ۋە ھىممەت كۆرسىتىش بۇ رىقابەتلىك دۇنيانىڭ زورلىشى ۋە چاقىرىقىدۇر.

زەئىپلىك كۆپ ھاللاردا ئىچكى زەئىپلىكتە، يەنى پېتىشماسلىق، بىرلىشەلمەسلىك ۋە ئۆزىنى چاغلىيالماسلىقتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ داۋاسى سۈپىتىدە يەنىلا روھىي جەمئىيەتنىكى يۈكسىلىشكە مۇراجىئەت قىلماي بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىيارىمىزدىكى تۆت پەسىلنىڭ ئېنىقلىقى، ئاجايىپ - غارايىپ سىرلىق ھەم تىلسىماتلىق مەنزىرىلەر كىشىنىڭ قەلبىدە رىۋازسىنىڭ بىخۇد سىگناللىرىنى چېلىپ جاسارەتكە تولدۇرىدۇ؛ ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈرەشلەرنىڭ بىرلەشمە تەسىرى ئۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە ئېھتىياتچان، بۇرۇختۇرما ... قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ قېنىدىكى قىزىقلىق، شوخلۇق، ئېتىكلىك سۇسلاپ قالمىدى، ئىنكاسى يەنىلا ئىتتىك، سەنئەتخۇمار، ھەرىكەتنى ئۆزلەشتۈرۈشى تېز، جىسمانىي بەرداشلىقى يۇقىرى، تەسەۋۋۇرغا باي ... ھالەتتە كېتىۋاتماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېچىنىشلىق ساۋاق بىلەن ۋەزىيەتنىڭ مەجبۇرلىشى كىشىلىرىمىزنى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئولتۇراق جاي، مېڭىش - تۇرۇش قاتارلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى قانائەتلەنگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تېپىشقا ۋە سالامەتلىكىنى ياخشىلاشقا مەبلەغ سېلىشنى ئۈندىمەكتە ...

كىشىنىڭ ھاياتى ئۆمۈر بويى كاتەكتەك زېمىندا ئۆز غېمى بىلەنلا بۇرۇختۇرما بولۇپ روھدا جانلىنىش، جىسمىدا تەرلەش - پىشىش ۋە يۇلقۇنۇش بولمىسا، مەنىۋى ھاياتى بارغانسېرى تارىيىپ كەتسە، تۇرغۇن سۇنىڭ ئاسان بۇزۇلغىنىدەك بارا - بارا زەئىپلىشىدۇ ۋە يىگىلەيدۇ. بەزى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ياشاش مۇھىتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش (نەم مۇھىتتىن قۇرغاق مۇھىتقا كېلىشى)، (قوي گۆشى، ئوۋ قۇشلىرى، پولو، سامسا، پېتىرمانتا، كاۋاپ ... قاتارلىقلارنىڭ ھارارىتى، ھۇزۇرى - قۇۋۋىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىدىكى ياخشىلىنىشلار سەۋەبىدىن تەن ساپاسى جەھەتتىمۇ تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكى ئېھتىمال.) شۇڭلاشقا بىز سەل يۇختىراق بولۇشىمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئەمەلگە ئاشمايدىغان يىراق ھەم مۇۋھۇم غايىلەرنى قويۇپ، ھەر بىرىمىز بۈگۈننى چىڭ تۇتۇپ، شۇنى مول مەنىلىك ئۆتكۈزۈشمۇ ئەۋزەل بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى يۇختىلىق ئۆزۈڭنى قايتا تونۇشۇڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئۆز ئىشىڭغا ئۆزۈڭ ئىگە بولۇشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

بۈگۈنگە ئەھمىيەت بېرىش، بۈگۈننى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ۋە ياشاش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرىدۇ. روھ ھاياتلىقنىڭ تۈۋرۈكى بولغاچقا، روھ يۈكسەلسە، جىسمىمىزمۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزغا يېتىشتىكى دەرمان قۇۋۋەتنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەييارلىيالايدۇ ...

خەلق ئارىسىدىكى ئەقىدىگە دائىر بەزى پاراڭلاردىن ئىگىلىنىشىچە، يۈرەك — ۋىجدانىي ھېس - تۇيغۇلارنىڭ مەركىزى بولۇپ، سۆزمۇ يۈرەكتىن چىقارمىش، ساختىپەزلىك، چېقىمچىلىق، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، قەرزگە، ئۆتنىگە ئالغان نەرسىلەرنىمۇ يەۋېلىش، كىشىنىڭ تىلى ۋە دىلى ھارامغا يول قويۇۋەرسە ھەممە دائىم تەييارغا ھەييار بولۇپ يۈرۈشلەر، زەھەر چېكىشلەر يۈرەكنى تېپچەكلىتىپ قىيناپ كېتەرمىش، شۇڭا بۇنداق چاغدا يۈرەك تۇيۇقسىز توختىۋېلىپ ئادەمنى «قارا باستۇرارمىش»، كۆڭۈل ساغلام، نىيەت توغرا بولسا ئىنسان ھەر جەھەتتىن ساغلام بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا جىسمى بۇزۇق، ناپاك ۋە مەجرۇھ بولىدۇ. دېمەك، كۆڭۈل — ئادەم جىسمىنىڭ پادىشاھىدۇر. شۇڭا ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆزىنى بىلىش، بىر - بىرىنى قەدىرلەش ۋە ئىناقلىق - مۇھەببەت، يەيدىغان ئاش - تامىقىدەك مۇھىم، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ خىسلەت بولۇپ، ئۇنىڭدا كامالەتكە يەتكەنلەر ئۇلاھقا باراۋەرمىش.

روشەنكى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ياخشىلانغان تەقدىردىمۇ مەنىۋى تۇرمۇشىمىز بېيىمىسا يەنىلا نامرات ھالەتتە قېلىۋېرىمىز. كىشىلەر ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قەد كۆتۈرەلىشى مۇمكىن، ئەمما مەنىۋى جەھەتتە نامرات بولسا، ئاسانلىقچە قەد كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇڭىمۇ مەنىۋى جەھەتتە ئالغا باسمىغانلىق — ئەمەلىيەتتە ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىق بولۇپ، مەنىۋىيەتكە، مەدەنىيەتكە سەل قاراش ئاخىرقى ھېسابتا ئەڭ چوڭ نامراتلىقنى ۋە تەن ساپاسىنىڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تىل — مىللەت خاسلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى ... گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردە چەت ئەللىكلەرنى مۇشۇ دۆلەتنىڭ تىلى بويىچە سۆزلەش تەلەپ قىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىنى چۈشىنەلەيدىغان فرانسۇز يىغىن قاتناشچىلىرىمۇ نېمە ئۈچۈن ب د ت يىغىنلىرىدا ئۆز تىلىدىكى تەرجىمە ئاخباراتى بىرلىكتە يەتكۈزۈلمىسە، يىغىندىن دەرھال چىقىپ كېتىدۇ؟ يەھۇدىلار يوقالغىنىغا 300 يىل بولغان ئىبراي تىلىنى نېمە دەپ تىرىلدۈرىدۇ؟ ... چۈنكى تىلنىڭ بۇلغىنىشى روھنىڭ بۇلغىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇلغانغان تىل - سۆز ۋە ھەرىكەتتىكى پاساھەتنى ئاستا - ئاستا يوقىتىدۇ. ھەرىكىتىدە پاساھەت بولمىغان ئادەم تۇيغۇسىدىكى ئۆتكۈر زىللىقنى، نەپىسلىكنى يوقاتقان ئادەم بولۇپ، بۇنداق ئادەمدە سۈزۈك تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولمايدۇ.

تەبەسسۇم قىلىش، غەمسىز، غەرەزسىز ھالدا قاقاھلاپ كۈلۈشمۇ بىر خىل تەنتەربىيە ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنەپەس يولىنىڭ تازىلىنىشىنى تېزلىتىپ نەپەسلىنىشنى كۈچەيتىدۇ. سالامەتلىك تۇيغۇسىنى قوزغىتىدۇ. نېرۋا جىددىيلىكىنى يوقىتىپ ئارتۇقچە زېھنىي قۇۋۋەتنى تارقىتىدۇ، روھىي يۈكنى يەڭگىللىتىدۇ، پەي - مۇسكۇللارنــى بوشاشتۇرىدۇ. تارتىنچاقلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ئۈمىدۋارلىق بېغىشلاپ، غەم - غۇسسىلەرنى ئازايتىدۇ ...

شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇرلاردىمۇ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، چاقچاقچى، خۇشچىراي، يۇمۇرىستىك، چىدامىلىق، مۇزىكىغا، ئۇسسۇلغا قىزىقىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى قىيىنچىلىقى نىسبەتەن ئېغىر بولسىمۇ، ئوخشاش ياشتىكى، ھەتتا ئۆزىدىن كىچىك دېمەتلىك بەزى ئادەملەردىنمۇ تېتىك، ئۆمرى ئۇزۇن بولماقتا.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە روناق تاپقان مىللەتلەر قاتارىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىپ، يەتتە ئەزاسى تولۇق ھەم بېجىرىم مىللەت سۈپىتىدە، تارىخ سەھنىسىدە ئۇزۇن مۇددەتكىچە يۈرەكلىك بىلەن چىڭ دەسسەپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم بىر ئامىل تەن ساپاسىدىن ئىبارەت. ئەگەر بەدەن ساپاسى ناچارراق بولغان كىشىلەرمۇ ئۇزۇن مۇددەت بوشاشماي چېنىقسا ۋە ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرسە، بەدەن سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ساغلاملىقنى ئاشۇرالايدۇ. ئۆمرىنىمۇ ئۇزارتالايدۇ. نېكىرلارنىڭ دەل مانا مۇشۇ «ئەڭگۈشتەر» گە تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكى بۇنى روشەن دەلىللەپ بېرىدۇ.

تاگور «بىر كىشىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش يەككە - يىگانە قېلىشتۇر. ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك ئىشەنچنى يوقىتىشتۇر» دېگەن ئىكەن، بىزچۇ؟! بىزنىڭ نۇرغۇن دوست - يارەنلىرىمىز بار، ئەقلىمىزدە ياشاشقا نىسبەتەن ئىشەنچ ۋە غەيرىتىمىز بار، بىز پەقەت چىقىشالماس ۋە مەڭگۈ بىرلىشەلمەس خەلقمۇ ئەمەس. ئورۇنلۇق سۆز، دانا يېتەكلەشلەرگە يەنىلا ئەگىشىمىز.

ئەگەر ئادەمدە بىر - بىرىنى ئەزىزلەش ۋە بىر - بىرىنى قەدىرلەش ئېڭى مەسئۇلىيىتى بولسا، ئۇ ھالدا بىرسى ھەق گەپ قىلسا، قالغانلىرى ئىككىلەنمەي ئۇنى ياقلايدىغان، بىرسى ھەق يولغا باشلىسا، قالغانلىرى ئۇنىڭ قانداق جىنس، قانداق يۇرتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىلچە شەكلەنمەي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرلىكتە قەدەم تاشلايدىغان بولىدۇ.

دېمەك، ھەرىكەتنىڭ تەسىرى ۋە ئۈنۈمى كىشىلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئۆگىنىش، ئىشلەش ۋە ياشاش شارائىتىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ھەرقانداق ئېسىل دورىمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇڭا تەن ساغلام بولمــىســا، روھــي ھــالــەت ياخــشــى بولمايدۇ - دە، تۈرلۈك ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن، تېخنىكا، سەنئەت پائالىيەتلىرى ۋە سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنالمايمىز. ئاقىۋەتتە خۇشال - خۇرام ياشىيالمايمىز.

ھالبۇكى ئەقىل، ئەخلاق، گۈزەللىك ساپاسى، مۇھىت ئېڭى ۋە سالامەتلىك بىر - بىرىگە بېقىنىدۇ ۋە بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئايرىم مەۋجۇت بولماقچى بولسا پاساھىتىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئەقلــى يۈكسەلمىسە، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىن ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق قانۇنىيەتلەرنى بايقىيالمايدۇ ھەم ئىگىلىيەلمەيدۇ ... ئەخلاق ساپاسى تۆۋەن بولسا ئادەمدە تار مەنپەئەتپەرەسلىك خاھىشى بىلەن ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى قەدىرلىمەسلىك خاھىشى شەكىللىنىپ قالىدۇ - دە، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى دەپ تەبىئەتنى، ئۆزىنى ھەمدە جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىشقا يۈزلىنىدۇ. ئەگەر ئادەمدە گۈزەللىك ئېڭى يۇقىرى بولمىسا، تەبىئەتنى گۈللەندۈرۈش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش، يېڭى دۇنيا يارىتىش جەھەتتە ھېچقانچە پايدىلىق ئىش قىلالمايدۇ. مۇبادا ئىنساننىڭ جىسمانىي ساپاسىمۇ تۆۋەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەقلىي ماھارەت بىلەن مەشغۇلات ئۆتكۈزۈش ماھارىتىنىڭ تولۇق يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى بايان ۋە تەھلىللەردىن بىز، بىر مىللەت ئادىمىنىڭ بەدەن سۈپىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھالىتىنى ھەم سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى، شۇڭا بىر مىللەتنىڭ ساپاسىغا قاراشتا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىجتىمائىي ئورنىدىن باشقا سالامەتلىك ئەھۋالى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، بۈگۈندىكى مۇھىم ھالقىنىڭ يەنىلا سالامەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك قىلىمىز. بولۇپمۇ بۈگۈنكى ۋە بۈنىڭدىن كېيىنكى ئۈچۈر ۋە رىقابەت بىلەن تولغان دۇنيادا سۈپەتلىك بەدىنىمىز ۋە ساپالىق ئەۋلادلىرىمىز بولمىسا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرالمايمىز ھەمدە پۇت دەسسەپ تۇرالمايمىز. شۇڭا ساغلاملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، كىشىلىرىمىزنىڭ ساغلاملىق ئېڭى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئالدىنقى نىشانى قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

1999-يىل 3-ئاينىڭ 22 - كۈنى خوتەن ناھىيە لايقا يېزىسىدا ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. مۇشۇ مەرىكىدە ئوقۇلغان نەزمىلەردىن بىر بۆلىكىنى ئوقۇرمەنلەرگە ھەدىيە قىلدۇق. تەھرىر بۆلۈم

ئابدۇغېنى سىيت

# باھار نەزمىلىرى

## كەلسە

سۆيۈنگەن باغ، چىمەن، بارچە ھايات كۆكلەم ئېيى كەلسە،
بولۇپ جۈت - قىش ئازابىدىن، ئازاد، كۆكلەم ئېيى كەلسە.

چۇشۇپ سەكراتقا مۇدھىش قىش دېگەي:كەل - مەرھابا نورۇز،
ئالۇر قىشنى قۇچاقىغا مامات، كۆكلەم ئېيى كەلسە.

يېشىل شاخلاردا تومۇچۇقلار قىلۇر شوخلۇق، قىلۇر شوخلۇق،
قېقىپ ئۇ جۈپتى بىرلە قوش قانات، كۆكلەم ئېيى كەلسە.

زىمىستان نەشتىرىدىن دات دېگەن تۇپراق، كۆچەت، گۈللەر،
باھارنىڭ بەھرىدىن تاپقاي نىجات، كۆكلەم ئېيى كەلسە.

ئوقۇپ كۈرستا ئەقىل - زېھنى ئېچىلغان ياش دېھقان تېخنىك،
ئۆگەتكەي ئەھلى يۇرتقا پەن - ساۋات، كۆكلەم ئېيى كەلسە.

گۈزەل ئارمانلىرى كىمنىڭ زايا كەتكەن چېچەك ئاچماي،
ئۇ، قىلسا ئىجتىھات، تېخنىك ئىجاد، كۆكلەم ئېيى كەلسە.

چىمەن، كۆكلەم شۇ خىلۋەتلەر بولۇر سۆيگۈ قارار گاھى،
يېتەركى ۋەسلىگە ئارزۇ - مۇراد، كۆكلەم ئېيى كەلسە.

## دەي

خوتەن كۆكلەم، باھارىڭنى يېشىل قاشتاش جۇلاسى دەي،
ئۆزۈمنى شۇ باھارىڭنىڭ غەزەلخان مەھلىياسى دەي.

شامال كىرسە دېرىزەمدىن سۆيۈپ كۆكلەم چىمەنلەرنى،
باھاردەك قەلبى ئىللىق يار ھىدى مېھرى - ۋاپاسى دەي.

ئېتىزدىن ياڭرىسا ناخشا، قۇياشتەك بالقىتىپ شوخلۇق،
ئېتىزدا شۇ دېھقان قىزنىڭ كۆي مەرغۇل ناۋاسى دەي.

پېشىل شايى، تاۋار كىيگەن لۆەنلەر نازغىنىپ كۈلسە،
كى جەننەت ھۆرىگە ئۆلگە خوتەن غۇنچە - زىباسى دەي.

يىپەك رومال، چېچەكنى ئويىنتىپ ئىللىق شامال كەلسە،
ئەگىم قاشتەك ئىككى دەريا بويىنىڭ ساپ ھاۋاسى دەي.

سۆيۈنگىن ئەي خوتەن ئەھلى كى باغچى ئالما زارىڭدىن،
ئۇنى كىملەر يېسە بەختى - بىتاب جانلار داۋاسى دەي.

پايانسىز مايىسزارىڭدا ئۈزەر ئىشچان يىگىت - قىزلار،
لۆننى، مەگزىنى باغىڭ قىزىل ئالما، گىلاسى دەي.

توساللا، باغچى، ئىنە لايقا بىغىڭدىن ياگرىسا ناخشا،
ئۇنى كۆڭلى خۇشال دېھقان كى بايلىق ئەۋلىياسى دەي.

خوتەن گۈلشەن، خوتەن جەننەت دېسە ھەقلىق، ئۇنى راست دەڭ،
باھارى، كۆكلىمى ئەلۋەك ھاياتنىڭ ئىپتىداسى دەي.

## كۆكلەم مەرىكىسى

كەتسە ئاياز قارلىغاچ كېلىدۇ،
يۇرتقا باھار ئالغاچ كېلىدۇ.
كۆكلەم سۆيۈپ باھار قۇشلىرى،
باھار كۈيى چالغاچ كېلىدۇ.

باھار — نورۇز ئۇ يىلنىڭ بېشى،
كۆكلەم ئاتلىق زۇلپى ھەم قېشى.
ئۆستەڭ بويى، ئېتىز - قىرلارغا،
كۆكلەم جالا سالغاچ كېلىدۇ.

نورۇزۇڭغا كېلىمەن خوتەن،
بېغى ئەلۋەك، ئېتىزى چىمەن.
قۇلاق سالغىن مەرىكەڭگە جىق،
ئەدىب نەزمە ئالغاچ كېلىدۇ.

يوللىرىڭدىن ئۆتتۈم توساللا،
كۈتتى كۆكلەم باغلار، ۋارانلار.

كۆكلەم سۆيۈپ ئۆتكەن شوخ شامال،
سېنى يوقلاپ ئاشار داۋانلار.

سەيلە قىلدىم قويىنۇڭنى بوزاق،
يوللار تۈتاش ئۇزاقتىن - ئۇزاق.
باھارىڭدىن زوقلىنىپ شۇنچە،
كۆكلىمىڭگە توقۇدۇم قوشاق.

قەدىم شەھەر يۇتقان بويلىرى،
ئەتراپىڭدا كۆكلەم تويلىرى.
قارشى ئالدى كەل غەزەلخان دەپ،
تال باراگلىق دېھقان ئۆيلىرى.

كۆكۈرۈپتۇ ئېتىزلار بىردىن،
بىخ سۈرۈپتۇ قىياقلار قىردىن.
قىش قەھرىدىن بوشانغان ئېتىز،
ئەگىز بىلەن پۈيۈندى كىردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باھار تۇتقان غۇنچە - چېچەكتىن، بىر - بىرىنى چىللاپ قوشنىلار،
سەزدىم شۇ تاپ شېرىن شېكەر بال. ئېتىزلارغا چىقتى تىرنىلار.
يېڭىلىنىش بېشى باھار، دېگەن راست،
باھار كۆكلەم پەسىل ئەركىسى، ئەزەلدىنلا دانا كونىلار.
تەبرىكىم بۇ نورۇز نەزمىسى.
قۇچىقىڭدا قىزىتتۇق خوتەن، نورۇزۇڭنى قۇتلايمەن خۇشال،
بۈگۈن نورۇز — كۆكلەم مەرىكىسى. ئويناپ سەنەم، جۇلاسى «ئۆزھال»،

تەھرىرلىگۈچى: مەتسېلىم مەتقاسىم

روزىمۇھەممەت ياقۇپ

## نورۇز كەلدى

كەلدى نورۇز، نە نورۇزكى چېھرى رۇخسار زىبا كەلدى،
چېچى بوستان، قېشى ئەگىم، كۆزى ئويناق - خۇما كەلدى.

دېمى ئەنبەر، لېۋى قەنت - بال، خۇيى ئاھۇ، لېۋىن رەپتار،
بويى سەرۋە، كۆلى ئەيشان، قوچاقى ئوت يەنە كەلدى.

جاھان بەس - بەستە سىن تۈزدى ئاپا دىلبەرنى قۇتلۇقلاپ،
قولى سەنئەتكە ماھىردىن پۈتۈپ ھەيۋەت بىنا كەلدى.

نىقاپسىز يۈزلىرى كۈلگۈن، قورۇپ بەزمە سېخى گەردۇن،
قۇياش جامدۇر شاراپ تولغان، ئاشۇ جامدىن زىبا كەلدى.

زېمىن تولغاندى، ئويغاندى، جىلۋە بىرلە نازلاندى،
ئېرىقلارغا تولۇپ ئەگىز، ھارارەتلىك ھاۋا كەلدى.

قىمىرلاپ يەردە قۇرت، قوڭغۇز، گىياھلار ئۈندى بىخلاندى،
ھاياتلىق تەۋرىگەن جۇشقۇن يېشىل مەخمەل دالا كەلدى.

ئۇسسۇل ئويناپ سۆگەت - تاللار، دېڭىزدەك چايقىلار مايسا،
ياساندى تۈز كەبى باغلار، تۇمەن قۇشتىن ناۋا كەلدى.

چېچەكلەردىن ئېسىپ مۇنچاق تولار شاخلارغا نېمەتلەر،
بولۇپ پەردازى بىر يېڭىلىنىش بويىغا زەر تۇمار كەلدى.

ئېتىزلارغا كېلەر دېھقان ئېكىنزارنى قىلىپ پەرۋىش،
چېلىشلار قايىنغان مەۋسۇم زەپەردىن خۇش سادا كەلدى.

گويا ساقى بولۇپ مەشئەت تۇتار ئىلھام شارابىنى،
غەزەل كۆيگە بولۇپ ئەندىز بېھىشتىن ئۇز سىما كەلدى.

تەھرىرلىگۈچى: مەتسېلىم مەتقاسىم

ئىدىرىس مەتسىيت

# مۇۋەھشەملىك غەزەللەر

1

ياڭرىتىپ ئېيتتىم قوشاق، سالغىن قۇلاقنى بەزلەر،
ھەر ئوقۇپ، بىر ئويلىنىپ، كۆرگىن قوشاقنى بەزلەر.

ئىزدىمەي ئىززەتنى سەن، سالدىڭ ئاراغا ئىس ـ تۈتەك،
ئاققۇزۇپ لاي ـ لاتقىنى كۆمدۈڭ بۇلاقنى بەزلەر.

غۇنچىلاپ كۈلسە چىمەن، ئاشتى ئىچىڭنىڭ تارلىقى،
تۇنجۇتۇپ قويماقچىمۇ بولدۇڭ بوۋاقنى بەزلەر.

مەرد بولۇپ دوستلار ئارا ئىلماي كۆزۈڭگە تاغنىمۇ،
ياخشىغا شامۇ ـ سەھەر قۇردۇڭ تۇزاقنى بەزلەر.

ئاڭلىغىن، نامى ـ ئاتاق بارمۇ ئەزەلدىن تەلۋىگە،
چاچمىغىن گۈل باغچىغا بەد بۇي پۇراقنى بەزلەر.

2

سالمىدىڭ دوستۇم قۇلاق، قىلسام نەسىھەت مەن ساڭا،
ھۆرمىتىم گۈلزارىنى ئەيلەپ دېڭىزدەك كەڭ ساڭا.

ئالمىغىن دوستۇم دېسەم: «چىشلەپ بىراۋنى نام ـ ئاتاق»
ياقمىدى كۆڭلۈڭگە ھېچ، تۈنتۈك ئاداۋەت سەن ماڭا.

خىرقىراپ، قورۇپ يالاق، ئالدىڭ چۇمۇچنى بىر مەھەل،
كاجلىقىڭ، تەرسالىقىڭ تۈتتى بۇرادەر شۇندىلا.

تىنمىدىڭ، ياقتىڭ گۈگۈت، كۆكلەم قومۇشقا كۈن ـ تۈنى،
ئوت بىلەن قىلدىڭ شۇئان دوستلار دىلىنى سەن يارا.

ئىزدىنىپ باقتىڭ تالاي گۈلنى ئۆزۈڭلا قىسقىلى،
كۆرمىدى نەيرەڭ بىلەن تۇتقان يولۇڭنى ئەل راۋا.

پىرقىراپ قۇمدەك ئۇچۇپ چۈشتۈڭ تاۋارنىڭ ئۈستىگە،
كەلمىدى ئىندەككە بۇ باقتىڭ قىزارتىپ كۆز ئاڭا.

www.uyghurkitap.com



ئەگمىدى پەيلىگكە تاغ، كۆككە تاقاشقان قەددىنى،
بىلمىدىڭ، تاپقان كېسەل - رەنجىگكە ئۇ بولدى داۋا.

زېھنى بار ئىنسان دېمەك، ئويلاش كېرەكقۇ ھەممىنى،
كۈتكىنىڭ گۈلمۇ - تىكەن، ياكى ئىبدىرلىق چۆل - دالا.

3

ھىممىتىڭ كەلدى بەلەن، دوستۇم چىپارنى ئاتقىلى،
ئۈستى ياش ئەگلىك بىلەن دەريا - قىياندا ئاققىلى.

«ئەرزىدى» بۇ جۇرئىتىڭ سانسىز غەزەلخان ئەھلىگە،
ۋادەرخ، ھېچ بولمىدى كۈننى ئېتەكتە ياپقىلى.

سەزمىدىڭ «تۆھپەڭ» نى سەن، كۆيدى بېشىگدا ئوي - خىيال،
لەيلىزار شەيداسىنى قاپقان - تۇزاقتا ساپقىلى.

ئەگمىدى قايىنامدا بەل، جەگدە يېتىلگەن ئارغىماق،
قۇدرىتى بولغاچ ئۈنىڭ تاغۇ - داۋاندا چاپقىلى.

تىنمىدىڭ كۈندۈز - كېچە، تۇتقۇن قىلىشقا لەيلىنى،
ئاچتى كەڭ ئۇ باغرىنى باغۇ - چىمەنگە ياققىلى.

خار قىلىپ ھىممەت بىلەن دوستۇم ئۆزۈڭنى سەپتە سەن،
راسلىدىڭ بۇركۈتكە كۆك، ئەركىن قاناتنى قاققىلى.

ئويغىنىپ ئاچقىن كۆزۈڭ، قالدىڭ قەيەردە چۈش كۆرۈپ؟
نى سەۋەب بولغان ساڭا تاشتا گۆھەرنى چاققىلى؟

راھىتىڭ بولماس پەقەت چاچساڭ يولۇڭغا زىخ - تىكەن،
ئىزدىگىن ئەلدىن مەدەت، كۈيگە چىمەننى قاتقىلى.

4

قانمىدۇ ياكى زەھەر قەلبىگدە دوستۇم ئاققىنى،
قارمىدۇ ياكى ھەسەت كۈن - تۈن دىلىگدىن ياغقىنى.

ئىش ئىزىڭ ئاچقانچە گۈل، ئەلنى كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ،
بولسا گەر ئەقلىڭ سېنىڭ تۇتقان يولۇڭغا باق، قېنى.

لاي - لاۋا قاپلاپ بۈگۈن قاپتۇ ئىمانىڭ داتلىشىپ،
بارمىدۇ قوزۇق لاتا بولسا قورامغا پاتقىنى.

تېرىدىك تاۋۇز، قوغۇن، شورلۇق ئېتىزغا بىر مەھەل،
چۈشمىدى بىرمۇ خەمەك، قالدى تېرىكىنىڭ ئاققىنى.

ئايدىمۇ داغ بار ئىكەن، تىرناق تېگىدە ئەت تىكەن،
بۇ ھايات دۇنياسىدىن نۇقسانى يوقنى تاپ، قېنى.

قانچىلاپ دۆڭ يوتىغا سالدىڭ ئېتىڭنى قامچىلاپ،
بولدىمۇ ھەي شۇنچىلىك ئۇچقۇر ئېتىڭنىڭ چاپقىنى.

چاغلىدىڭ گۈلنى تىكەن، بۇلبۇلنى ئەنجان پاختىكى،
شول سەۋەب ياپتىڭ ئېلىپ زۇمرەت ئېقىنغا لاتقىنى.

ئىقتىدار تۇرغان بىلەن خۇددي دېڭىزدەك چايقىلىپ،
يوق پەقەت قىلتاقچىنىڭ بىرمۇ ئىناۋەت تاپقىنى.

تەھرىرى: **دىلنۇر ئابلىز**

**يىگانە**

# كۆي كۆيلەپ ......

1

كۆي كۆيلەپ ھارمىدىم، شاماللار بىلەن،
بەيگىدە يەكمۇ ـ يەك، ئۇتتۇم بىمالال.
يۈرىكىم چوغ يۇرتى، كۆزۈممۇ روشەن،
بىلىمەن ھەق ـ ناھەق ۋە ھارام ـ. ھالال.

كۆلكە بار ھەر كۆينىڭ مەۋجىدە، قوۋناق،
ھاياتنىڭ دولقۇنلۇق ئېقىنلىرى ھەم.
يىغا بار ھەر كۆينىڭ تىنىقىدا، ياق!
چېقىنلار كۆلكەمنىڭ يېقىنلىرى ھەم.

كۆي تۆكتۈم دەرياغا، تىڭشىدى ھارماي،
كۆيۈمنىڭ بىقارار ئاشىقى بولۇپ.
خۇشناۋا بۇلبۇللار سايرىدى تىنماي،
ئالەمچە ھۇزۇرنىڭ لىۋىگە قونۇپ.

كۆي تۆكتۈم ئانامنىڭ ئېتەكلىرىگە،
كۆزىدىن ئىزدەپ شوخ باللىقىمنى.
خىلمۇ ـ خىل ئۇل قويدۇم قىسمەتلىرىمگە،
تاپالماي ھاياتقا ھامىلىقىمنى.

2

بېشىمدا ئاي كۈلدى، قېشىمدىمۇ ئاي.
خۇدۇمنى يوقىتىپ قويمىدىم بىراق.
قەلبىمنى يوناشتى ھەسرەتلەر تالاي،
بولدۇم شۇ چاغدىمۇ تەشۋىشتىن يىراق.

كۆي بىلەن ياشىدىم مەغرۇر ۋە مەغرۇر،
تاغلاردەك جاسارەت، تاغدەك ئۆزلۈكتا.
كۈن چىقسا ئايغاھېچ تاپمىدىم قۇسۇر،
ئېلىپمۇ بىلمىگەچ تۈزىكورلۇقتا.

3

ياشىدىم، ياشايمەن كۆي بىلەن، ئانام ـ
«ئەللەي» دە روھىمنى ئېغىزلاندۇرغان.
ئەقلىمنى تاپماستا خاماندا ئاتام،
كۆڭلۈمنى «لاي ـ لاي»دا خوپ ئاۋۇندۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇ كۆيلەر پەيلەپ بەردى هاياتلىق،
كۆرسەتتى ياشاشنى، تەقدىر يولۇمنى.
قېشىمغا يولىسا مۇشەققەت ئاتلىق،
بىرىپ بار ئىشقىنى تارتتى قولۇمنى.

ئاشۇ كۆي كۆيۈمنىڭ خېمىر تۇرىچى،
ئۇلغايدى، ئالەمگە سىغمىدى ھەتتا.
شۇ كۆيلەر ئۆمرۈمنى ئاۋۇندۇرغۇچى،
ئېپ كېلەر ئۆمرۈمگە شادلىق ھەر ئەسنا.

4

كۆلمەن باتۇردەك ۋە مەجنۇنلارچە،
لەززىتى ياسايدۇ مىڭ ئەزىم دەريا.

تەلپۈنگەن بوۋاقتەك ئەگەشكىنىمچە،
كېتىمەن يۇلتۇزلار يۇرتىغا گويا.

كۆي بىلەن ئېزىزلاپ كەلدىم شۇ ئۇلۇغ-
ئانامنى ھەر تىنىق ئىلكىگە ئوراپ.
ئۇ ئۈچۈن بار ۋەسلىم بىلدۈرەر قۇللۇق،
تۇرسىمۇ مىڭ قىسمەت يولۇمنى توراپ.

كۆي كۆيلەپ هارمىدىم ئۆنۈم پۈتسىمۇ،
قەلبىم كۆي بۇلىقى، دولقۇنلۇق دەريا.
پۈتمەيدۇ كۆي، ھەممە ۋەسلىم يۈتسىمۇ،
بار ھەر بىر كۆيۈمدە جان ئاتا ـ ئانا!

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

**مۇھەممەتئىمىن ئابلىمىت**

## شېئىر ۋە تۈيۈقلار

## قۇياش تەسىراتى

ئەزەلدىن بىر بۈيۈك ھەقىقەت ئايان،
نۇر ئىچرە ياشىندى بۇ كەڭرى ئالەم.
هاياتلىق تەبەسسۇم ئىلكىدە كۈلدى،
تەھسىنلەر ئوقىدى شۇ نۇرغا ئادەم.
ئېچىلدى ئۇنىۇردىن قۇت بەھرى ئىلىم،
هاياتلىق گۈلشىنى ئىچىدە لالەم.

ئۇلۇغدۇر ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر پەقەت،
شۇ نۇرنى تاراتقان قۇت، سېخى قۇياش.
سېخىلىق ئىلكىدە بەرگەچ ھارارەت،
بۇ گۈلۈم شۇنچىلىك تۇرىدۇ ياپ ـ ياش.
شۇڭلاشقا ئىستىكىم بولدى مېنىڭكى،
قۇياشتەك نۇر چېچىپ مېھنەتتە ياشاش.

× × ×

شەرەپ ئەل ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانماق،
نومۇستۇر مۇشكۈلدە كەينىگە يانماق.
ئەڭ ئېسىل خىسلەتتۇر مەرت ئوغۇل ئۈچۈن،
ياۋ كۈچلۈك بولسىمۇ ئۇنىڭغا يانماق.

× × ×

ھەسەتخور ياشايدۇ دائىم تەنھا ـ تاق،
قوش ئامەت ئىلكىدە تاقىتى ھەم تاق.
رەنجىيدۇ هاياتتىن قاقشاپ زېرىكىپ،
كەلتۈرگەن ئامتى بوپ قالسا گەر تاق.

تەھرىرى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

## تاغ خەلق قوشاقلىرى

تاغدا جەرەن ئاتار مەن،
بىر ـ بىرىگە چاتارمەن.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
ھەپتە ـ ئون كۈن ياتارمەن.

چېقىلدىكى كەكلىكنىڭ،
قانىتىغا ئوق تەگدى.
يارنىڭ قىلغان سۆزلىرى،
يۈرىكىمگە نەق تەگدى.

خۈيلۇقۇم، خۇشخۈيلۇقۇم،
ئۈيقۇمنى گالۋاڭ قىلمىغىن.

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

ماڭا مەيلىڭ بولمىسا،
كۆڭلۈمنى ۋەيران قىلمىغىن.

ئامرىقىم بولسا مېنىڭ،
يېنىمدا ئولتۇرماسمىدى؟
بىرە - بىرە قاراپ قويۇپ،
كۆڭلىمنى تىندۇرماسمىدى؟

ئارقا تاغقا يول مېڭىپ،
ئالتۇنغا قەرزىڭ بارمىدى؟
كېچىلەپ يول ياقىلاپ،
چوكانغا قەرزىڭ بارمىدى؟

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق،
ھەقتىن بۇيرۇق ئىرادە.
يار ئۈستىگە يار كەپتۇ،
بىر - بىرىدىن زىيادە.

ئاخشام باردىم غەم بىلەن،
تامدىن چۈشتىم پەم بىلەن.
ئانىسى يامان خوتۇن،
ئۇننى سالدى دەم بىلەن.

ئاتىنىڭ ياخشىسى تورۇق،
قىزنىڭ ياخشىسى ئورۇق.
يىگىتلىك قىلاي دېسەم،
پۇتۇمدا يوغان چورۇق.

بۇگۈن ئۈچ كۈن،ئەتە تۆت كۈن،
كويۇگىدا بى ناشتا مەن.
نېمە دەپ كۆڭلۈمنى بەردىم،
سەن خېنىمغا باشتا مەن؟

بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ،
قالدى ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسى.
بىر ئەمەس، ئىككى ئەمەس،
بىزنىڭ يارنىڭ ئاشنىسى.

خېلى بولدى كەلگىلى،
بىر چېكىم تاماكا يوق.

بىر چېكىم تاماكا سالماق،
يارنىڭ كۆڭلىدە يوق.

بىر چېكىم تاماكىنى،
ئىككى چېكىم قىلسا بولار.
بىر چېكىم تاماكىدا،
ئالغان كۆڭۈل قانچە بولار؟

خوي دېسەم سېنىڭدە بار،
چىراي دېسەم سېنىڭدە بار.
قايرىلىپ سۆيگەنلىرىڭ،
ئۆلگىچە يادىمدا بار.

راۋاپىمنىڭ پەردىسى،
ئاتمىشمىدۇ، يەتمىشمىدۇ.
بىزنى كۆيدۈرگەن جۇۋان،
ئاشۇمىدۇ، يەڭگۈشمىدۇ؟

راۋاپىمنىڭ تارىسى،
پەي - پەيگە ئوخشايدۇ يەنە.
بىزنى كۆيدۈرگەن جۇۋان،
تەتەيگە ئوخشايدۇ يەنە.

راۋاپىمنىڭ تارىسى،
بىردىن ساناپ بەش كېلىدۇ.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىم،
گۈلنى قىسىپ خۇش كېلىدۇ.

سېنى دەپ كەلدىم بۇ يەرگە،
ئۆلمىدىم دەريا كېچىپ.
گاھى ئەقلىم بىلەن كەلدىم،
گاھى ئەقلىمدىن ئېزىپ.

قويچىباي قوي باقىدۇ،
زېۋىيدىخان ئۆي باقىدۇ.

يارىڭىز كەپتۇ دېسە،
چىراغ تۇتۇپ ئىز باقىدۇ.

كەتتى يار كۆڭلى قارا،
كېتەمسەن يارىم دېمىدى.
چېنىگە چاينى قويۇپ،
ئىچەمسەن يارىم دېمىدى.

قاراقاش كەتكەن بىلەن،
ئوتى - پىراقى كەتمىدى.
مەن يارىمغا يىغلىسام،
ھالىمغا يارىم يەتمىدى.

قوي كېلەر قوزى بىلەن،
بىر - بىرىنىڭ ئىزى بىلەن.
قېيىنئانام قاچان كېلەر،
لەيلىخان قىزى بىلەن؟

كەت دېسەڭمۇ كېتىمەن،
كەتمە دېسەڭمۇ كېتىمەن.
ئارىدا ئىككى قونۇپ،
يارىم قېشىغا يېتىمەن.

مەن تىلىمنى ساز قىلىپ،
چالسام راۋاپتىن ياخشىراق.
ئىككى تىزىمنى قۇچاقلاپ،
ياتسام ياماندىن ياخشىراق.

ھاۋانىڭ تۇتۇقلۇقى،
ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇقى.
بۇ مېنىڭ خامۇشلۇقۇم،
يېنىمدا يارنىڭ يوقلۇقى.

ئوچاق بېشى ئوياغلىق،
ياندا چوگۈن قوياقلىق.
ھەددىڭىزدىن كۆپ ئاشماڭ،
بىزمۇ سىزدىن توياقلىق.

ئۇ تېرەكمۇ لىڭشىيدۇ،
بۇ تېرەكمۇ لىڭشىيدۇ.
ئۇجمە كۆكۈل چوكانلار،
ئەر تاپالماي غىڭشىيدۇ.

ۋەدىنى يا - ۋەدىنى،
ئۇنتۇپ قالما ۋەدىنى.
ئۇنتۇپ قالساڭ ۋەدىنى،
ئۆزۈڭ تارتسەن دەردىنى.

ئېتىكىم بىدە - بىدە،
خەقلەر كۆرسە نېمە دەر؟
بىلگىنى مەردانە دەر،
بىلمىگىنى دىۋانە دەر.

ئى خېنىم سېرىق چىراي،
ئوتتۇرىدا مەن قانداق چىداي؟
ئاۋال ئاخشامدا بېرىپ،
تاڭ ئاتقىچە راۋاپ چالاي.

ئى خېنىم كۆردۈڭلىمۇ،
ئارال ① دېگەن بوستانلىنى؟
ئۆلمىسەڭ كۆرۈپ ئۆتەرمىز،
داڭلىغان دوستۇڭلىنى.

ئىماملىنىڭ ② تېغىدا،
توپ - توپ يۈرىدۇ كەكلىك.
يارىمىنىڭ بويى زىلۋا،
قايرىپ سۆيگىلى ئەپلىك.

يا ئۇياقتا كەتمىدۇق،
يا بۇياقتا كەتمىدۇق.
كۆيۈشۈپ يۈرگەن بىلەن،
مۇرادىمىزغا يەتمىدۇق.

ئۆزۈم تەنھا ئۆتەلمەيمەن،
يولۇڭنىڭ ③ داۋانىدىن.
يۈرىكىم چالىشىپ كەتتى،
ئوتتۇڭنىڭ يامانىدى.

مەن بوزاڭدىن ④ قارىسام،
سايباغ ⑤ دېگەن تۈز كۆرۈنەر.
شايدا كۆكلەك كىيىپ،
جۇۋان خېنىم قىز كۆرۈنەر.

قوش تۈگمەنگە قويۇپتۇ،
ئاغزى يوغان قوغاچىنى.
تېپىۋېتىپتۇ چوكانلار،
بوقا گەردەن پو باشنى.

سېلى نەدىن؟ نۇردىن ⑥،
تۇتۇنلەر چىقسۇن مۇرىدىن.
ئىككى يار تۇتقان جۇۋانىنىڭ،
پوتلا ئاقسۇن بۇرنىدىن.

چاقارلىقلار ⑦ ئۆي ساپتۇ،
تەكچىسىنى سوۋاتماي.
بىر جۇۋان تېگەي دەيدۇ،
يۈز - كۆزىنى يۇۋاتماي.

تاشلىمىدۇق - تاشلاشمىدۇق،
تاشلاشقىلى پايلاشمىدۇق.
ئالتە ئاي بولدى يەنە،
بىردەم تۇرۇپ مۇڭداشمىدۇق.

يايلىدۇقا - يايلىدۇق،
بوزاڭ دېگەندە يايلىدۇق.
يۇمىلاق دۆڭگە چىقىپ،
يارىم قايان دەپ يىغلىدۇق.

يامغۇرلار تولا ياغسا،
بوزاڭقىرلار ⑧ ھورداىدۇ.
قىز باللا كۆمەچ كۆمۈپ،
ئوغۇللارنى بورداىدۇ.

توخۇ تامدا ياتامدۇ،
تامنى بويلاپ قاچامدۇ؟
مېنى دېگەن شۇ يارىم،
يۈلتۈز ساناپ ياتامدۇ؟

تاغدا زوپا ئېچىلدى،
تېرىپ ئاللى يارىم.
ياقا يۈرتقا يول ئالماڭ،
بىللە قاللى يارىم.

بۇ تاغلار ئەجەپ تاغلار،
تاشى بار، توپاسى يوق.
خەقنىڭ يارى يار ئەمەس،
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

بورانتايدىن ⑨ كەلگەن سۇ،
ھەر تۇقايدا توختايدۇ.
ساڭا كۆيگەن يۈرەكتە،
چوڭقۇر قويسا قاينايدۇ.

تونۇردىكى زاغرىنى،
قومارماسەن تەڭلەڭگە؟
بىر چوكان كۆيۈپ قاپتۇ،
شادا پاچاق لەڭلەڭگە.

تۆزگە بوغداي تېرىسام،
ئۈنگەنلىرى ئار پىكەن.
كۆكۈلدىكى شۇ يارنىڭ،
تەككەن ئېرى پاپىكەن.

يارنىڭ يارى تولا،
مەندىن بۆلەك تۆت - بەشى بار.
مەن تېخى يار تۇتمىدىم،
سەندىن بۆلەك ئونبەشى بار.

يارىمنىڭ قاراقاشى،
ئەجەپ تولىكەن ئاداشى.
دەپ قويۇڭلار يارىمغا،
ئۆلۈمگە كەتمىسۇن باشى.

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
دەرياغا كۆۋرۈك بولغىدەك.
ئوتلىرىدا جان خېنىم،
بولدۇم پەرىشان ئۆلگىدەك.

توپلىغۇچى: **مۇھەممەتتوختى ئەخمەت**

**تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

① ①②③④⑤⑥⑦⑧⑨ يۇرت - جاي ناملىرى.

# ھېكمەتلەر

«جالالىدىن رومى»دىن ئېلىندى

▲ تەقۋادارلىق ۋە ئۆلىمالىق، دۆلەت خىزمىتىدىكى مەرتىۋە ۋە مەنسەپ، دۇنياۋى نېمەتلەرگە ئېرىشىش بىلەن كېلىشەلمەيدۇ.

▲ نىيەتنىڭ خاسلىقى رەسمىي - يوسۇنلارغا رىئايە قىلىشتىن ئۈستۈن.

▲ بىز خۇددى ئۆسۈملۈك نوتىلىرىغا سىڭگەن شىرنىلەرگە ئوخشاش، ئالەم بويلاپ تارالغان ھەقىقەتكە شۇنچە يېقىن چاپلىشىمىز.

▲ دۇنيا قاچانلاردۇر بىراقلا باقىي قىلىپ يارىتىلمىغان، بەلكى ئۈزلۈكسىز قايتىدىن يارىتىلىپ تۇرىدۇ. كونىرىغان ئىبارىلەرنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىپادە ئۇسۇللىرىدىن تەپ تارتماي، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىدە يوشۇرۇنغان بۈيۈك بىر تارىخىي ئىنتىلىشنىڭ مەنبەسىنى بىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلايلى.

▲ تىرىك ئىكەنسەن، ئۆزۈڭدىن كۆرە دۇرۇسراق ۋە لايىق بىر نەرسە قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆمىدنىڭ شۇئىرلاشلىرىغا ئۇچماي ئىشلىشىڭ، تىنماي جاپا چېكىشىڭ كېرەك. ئېھتىمال، شۇ چاغدىلا ئەۋلادلار بىز قىلالمىغاننى قىلالار، بىز يېتەلمىگەنگە يېتىشەر.

▲ سۆز — لىباس، مەنە — ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سىر.

▲ ئادالەت يۈكنى ئوتۇنچىنىڭ تارازىسىدا ئەمەس، زەرگەرنىڭ تارازىسىدا تارتىش كېرەك.

▲ ئىنسانلارنىڭ مەزھەپلەر، تەبىقىلەر، دىنلارغا بۆلۈنۈشى — تەڭداشسىز قاباھەتتۇر، ئادەمزات ھەقىقەتكە ئوخشاش، ۋاھىد — يېگانىدۇر.

▲ ئۆز روھىي دۇنيارىڭنى بىلىش ۋە ئېگىلەش، بىر چاغلاردا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ يەر يۈزىنى ئىشغال قىلغىنىدىنمۇ مۇشكۇلرەك.

▲ ئىلمىي بەس - مۇنازىرىلەر ئىنسانلارنى كۆپىنچە بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ. ئەمما ساز ۋە ئۇسسۇل ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ.

▲ مۇزىكا ئايالغا ئوخشايدۇ، ئۇنى چۆرە دەپ قارايدىكەنسەن، خەلپە ناسىرنىللارغا ئوخشاش، ئۆزۈڭدە ئىنسانلىقنى ئۆخلىتىپ، ھايۋانلىقنى ئويغىتىسەن. لېكىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ، بىر دولقۇندا ئاقالىساڭ شۇنىڭ بىلەن روھىيىتىڭدىكى چىن ئىنسانىي ماھىيەتنى ئويغىتىش ئۈچۈن، دەسلەپكى قەدەمنى تاشلىيالىشىڭمۇ مۇمكىن.

▲ ساما — ھۇزۇر بەخش ئەتكۈچى سورۇن. ئىشقى - مۇھەببەت بىلەن ھېرىسمۇ - ھەۋەس باشقا - باشقا بولغىنىدەك ئۇ خەلپىنىڭ ئەرمەكلىرىگە ئوخشىمايدۇ.

▲ ۋىسال ھەققىدە سۆزلەشتىن بۇرۇن، بارچە ھىجران ئەلەملىرىنى تارتىپ كۆرۈش لازىم.

▲ ھەممە نەرسە قىسمىتى ئىلاھقا باغلىق دېگەن ئېتىقادتىن كېچىپ، ئىنسان ئۆزىنىڭ قارار - ئىرادىسى بىلەن ئىستىقبالغا قاراپ ئىنتىلىشى كېرەك.

دانالار سۆزى

▲ شائىر ئىشقى - ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى.

▲ ماددىنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئېگىلەش جەريانى — ئۇستا ئۈچۈن ئۆزىنى - ئۆزى بىلىشنىڭمۇ جەريانىدۇر.

www.uyghurkitap.com



▲ مۇتلەقلىقنىڭ ئالىمى — ئۆزىڭىزنىڭ قەلبىڭىزدە.

▲ ئەر بىلەن ئايالنىڭ مۇناسىۋىتى، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىلەن بىرگە، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەنمۇ بولغان مۇناسىۋىتىدۇر.

▲ ئىنساننىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىنسان بولالىغانلىقى، دەسلەپتە بىۋاسىتە ئىشقى - مۇھەببەتتە كۆرۈلىدۇ.

▲ ئۆزى ئۈچۈنلا يارىتىش، شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېلىش، بۇ كور - ئاجىز بولۇپ قېلىش.

▲ «كىمكى بىزگە مەھبۇب ئەمەس، ئۇنىڭ ئەڭ ئېغىر گۇناھلىرىنىمۇ كەچۈرۈش كېرەك، كىمكى بىزگە مەھبۇبدۇر ئۇنىڭ قىلچە گۇناھىنىمۇ كەچۈرۈشكە بولمايدۇ.»

▲ ئاياللار پەقەت مەشۇقلا ئەمەس، پەقەت بەندىلا ئەمەس، بەلكىم ياراتقۇچىنىڭ ئۆزىدۇر.

▲ ئايال كىشىگە تەبىئەتتىن بەخش قىلىنغان نەرسىنى ئەر كىشى پەقەت جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

▲ ھەقىقىي ھاكىمىيەت ئادەملەر ئۈستىدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قەلبى ئۈستىدىن قارار تاپىدۇ.

▲ بىلىمدان كىشى، ئاماق ئىزدەپ ئۇۋىسىدىن ئۇچقان، لېكىن ئۇزۇق تاپالماي ئۇۋىسىغا نائىلاج قايتماقچى بولغاندا، خۇددى يولىدىن ئېزىپ ئارسالدىلىقتا قالغان قۇشقا ئوخشايدۇ.

▲ ئاتنى ياخشى ئۆگەتسە، مەنزىلگە ئۆزى يەتكۈزىدۇ، ئۇنى قىستاش، ئېقىنداش ھاجەتسىز، زىيانلىق.

▲ پەن ۋاستىسىدىن مەقسەتكە ئايلانغانىكەن، ئۇ ھەقىقەت يۈزىگە پەردە تارتىدۇ.

▲ ھەممىنىڭ يۈزى كەئبىگە قارىغان، كەئبىنى ئېلىۋەتسەڭ مەلۇم بولىدۇكى، ئىنسانلار بىر - بىرىنىڭ قەلبىگە سېغىنىدۇ، بىرىنىڭ قەلبى — باشقىسى ئۈچۈن سەجدىگاھ.

▲ ئىنسانلار بىر - بىرىدىن بايلىق، نەسىل - نەسەپ، مەۋقە - مەرتىۋە، ھەتتاكى دىنىي ئېتىقادقا قاراپ ئاجرالمايدۇ.

▲ ھەر قانداق ئىنسان كامالەتكە يېتىشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا ھەر بىر ئادەم مۇقەددەستۇر.

▲ بىرلىك — تەرەپبازلار كۆرۈشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بۇ دۇنيادا، مۇھەببەت ۋە نەپرەت بىر - بىرى بىلەن ياندىشىپ ماڭىدۇ. مۇھەببەت قانچىلىك ساپ ۋە پاك بولسا، ئۇ يامان غەرەز كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە شۇنچە دۇچ كېلىدۇ.

▲ روھ — ئۇ ئەقىلمۇ، كۆڭۈلمۇ ئەمەس، بەلكى، ئۇ بىرلىكنى ئالاھىدىلىككە قوشۇش، ئالاھىدىلىكنى بىرلىكتە كۆرۈش ئىشتىياقىدۇر.

▲ روھىيەتتىن مەھرۇم ئادەم ئۈچۈن، ئالەم مەنىسىز ۋە خىلمۇ - خىل نەرسىلەر تولغان ئامبار. پەقەت ئىنسان مەنىۋىلىكى پۈتۈن كائىناتنى ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

▲ ھەر بىر قىياق - مايسىدا، ھەر بىر ساماۋى سەييارىدە، دەسلەپ ئويغانغان پىكىر، ئانا قورسىقىدا مىدىرلىغان بوۋاقتا ئومۇمىي بىر ماھىيەتنى كۆرۈپ، ئۇنى بار ۋۇجۇدى بىلەن ھېس قىلىشنى بىلىش كېرەك.

▲ ئىنسان روھىيىتىنىڭ بۈلقى ئەمدۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئارىسىدا ئەمەس، سارايلار ۋە ھەشەمەتلىك ئايۋانلارنىڭ سەھنىسىدە ئەمەس، مەنىۋى تەرەپتە بېشى موھتاجلىقتىن قۇتۇلالماي، ئۇيقۇ ۋە تاماققا تويماي، ھەر كۈنى، ھەر سائەت ئۆزىنى باشقىلارغا بەخشەندە قىلغۇچى، بولقىسىنىڭ ھەر بىر سوقۇلۇشى ۋە يىڭنىسىنىڭ ھەر بىر سانجىلىشى بىلەن جانسىز ئەشيالار — نەرسە - كېرەكلەرگە جان كىرگۈزۈپ، ئۆز روھىغا لىباس كەيدۈرگۈچى ئادەملەرنىڭ مۇھىتىدا ئۇلارنىڭ مېھنىتىدۇر.

▲ باشقىلارغا ئوخشاش تاماق يەيدىغان، كېچىسى ئوخلاپ كۈندۈزى ئىشلەيدىغان، تىرىكچىلىكى ھەر كۈنى، ھەر سائەت كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتىدىغان، ئاددىي كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىش ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ.

ئاۋام پەقەت ئۇلۇغ ئىنسانلاردا ئۆزىگە ئوخشاش جەھەتلىرىنىلا كۆرىدۇ، ئوخشىمايدىغان جەھەتلىرىنى تەن ئېلىشنى خالىمايدۇ، قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «ئۆز يۇرتۇڭدا پەيغەمبەر يوق» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان بولسا كېرەك.

▲ بەزىدە تىرىكلەرنى پەسكە چۆكۈرۈش ئۈچۈن ئۆلۈكلەر ئاجايىپ ماختىلىدۇ.

▲ ھەقىقەت — ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

▲مۇھەببەت تەلقىنى، ئىنسان قەلبىنى ئۇلۇغلاش غايىلىرى خوتۇن - قىزلارنى چەكلەپ ئۆتەلمەيدۇ.

▲ ئىرىشكىنىڭنىلا قانائەت قىلىش — مەنىۋى ئۆلۈم، زامان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، بىرلىكتە قەدەم تاشلاش — ھاياتلىق.

▲ جۇمە مۇسۇلمانلارنىڭ، يەكشەنبە — خرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس كۈنى. لېكىن شائىر ئۈچۈن بارلىق دىن ۋە مەزھەبلەر ئوخشاش. ئۇ پۈتۈن دۇنياغا، ئېرقىي، دىنىي، مىللىتى، تەبىقىسىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق ئىنسانلارغا ئوخشاشلا باراۋەر مۇراجىئەت قىلىدۇ: «ماڭا ۋەھدەت مەيىنى تۇتقىن، باشقىلارنىمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن قىل، تاكى جامائەت جەم بولۇپ، پەقەت سۈرەت شەكلىدىكى پەرقلەرنى بىر تەرەپ قىلايلى. بىز ھەممىمىز بىر تۈپ دەرەخنىڭ شاخلىرى، بىر قوشۇننىڭ جەڭچىلىرىمىز.

▲ بىز سۇدەك ئېقىپ ئۆتىمىز، ئەمما خەلقنىڭ قىنىدا مەيدەك ياشايمىز. بىر كۈنى پۈتىمىزنى سوزۇپ تۇپراقتا ياتساقمۇ، خۇددى كېمىگە چۈشۈپ يەلكەن ئاستىدا ئۇزاقلارغا سەپەر قىلغان سەيياھتەك دائىم ئەمەلىي ھەرىكەتتە بولىمىز.

▲ شائىرلار كېسەل سەۋەبىدىن ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىقى — ئەلەم دەستىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

▲ قۇياش — ھەممىنىڭ مۈلكى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

## ماقال - تەمسىللەر

ئەمەلدارغا ھىجايغان، يۈزۈڭ كېتەر گىلىڭدىن،
پۇقراغا ھومۇيار. جېنىڭ كېتەر تىلىڭدىن.

ئۇسۇلنى باشلىغۇچى داپچى، ئۆچكىنىڭ دائىم ئۇچۇق قالسا گەپ يوق،
جېدەلنى باشلىغۇچى لاپچى. قويىنىڭ بىر قېتىم ئۇچۇق قالسا ھوي، ھوي.

باغنىڭ ئاچقۇچى مەندە تۇرسا، مۈشۈكنىڭ پۈلى يوق گۆشكە ئامراق،
جىننىڭ شاپتۇل يىگىنىنى كۆرۈڭ. قېرىنىڭ چىشى يوق تۆشكە ئامراق.

ئېشەككە مىنگەننىڭ پۇتى تىناس، يالاقچى يالاپ تويماس،
بەدنىيەتنىڭ كۆڭلى (تىنماس). غالچا غاچاپ (تويماس).

غېرىبى (سۇپۇرگى سانجىرى)

## مۇخەممەس

بىلساڭىز دوستلار مۇھەممەد ھەقنىڭ بىزگە ئېھساندۇر،
ياش قېرىلار بىل شەرىئەت بۇيرىقى مېھماندۇر،
مەغرۇر ئۇلماڭ زەرغەسىز بۇ ئىمتىھان ئەنۋارىدۇر،
باغلاماڭ دۇنياغە كۆڭۈل مۈلكى - مالى فانىدۇر،
كىم كۆڭۈل باغلار ئاڭا نادانلار نادانىدۇر.

بىز ئۈچۈن ئەي دوستلار يەتكۈزدى كۆر فەرۋەيدىگار،
شۈكرى ئېتىڭلار ئەي يارانلار تىنمايىن لەيلۇ نەھار،
تاشلاڭىز گىينۇ ئەداۋەتلار بولۇڭ بىر - بىرلە يار،
ھەر بەھار ئەييام ئاچىلغان گۈل كەبى سەن لالەزار،
يەرگە كىرگان گۈل جەبىنلار چېھرەئى خەندانىدۇر.

نەچچىلار كەتتى بۇ دۇنيادىن چۈبىنامۇنىشان،
ئاھ ھەسرەت بىرلە قىلدى نەچچەلار باغرىنى قان،
ئاخىرى قىلدى كەفەن بۇ دۇنيادا بەرمەي ئامان،
ساھىلى مەقسەدغە يەتمەي جۇملەئى پىرۇ - جۇۋان،
دەست ھەسرەت باشىدا غەرق بەلا تۇفانىدۇر.

ھوشۇڭ ئۆلسە دوستلار ئالدانمە بايلار مالىغە،
باقماغىل تۇرلۇك لىباسىغە باق ئانىڭ ئەئمالىغە،
بەسكى ئەيلاسەن ئەتفالنىڭ ئەكمالىغە،
ئەبرى نىسيان دىماگىل گۈلشەندە گۈل ئەھۋالىغە،
قەترەئى باران ئىماسدۇر دىيدەئى گىريانىدۇر.

دۇنيادا كۆرگىل ھەممە ئەۋۋارەئى زال فەلەك،
بەرمادى دەردىغە دەرمان جارەئى زال فەلەك،
كۆرگۈزۈر نەيرەڭلار مەككا رەئى زال فەلەك،
رەنگى راھەتدىن نارى رۇخسارەئى زال فەلەك،
روزىگارى يوق غەم ۋە ئاندە مېھنەت كارىدۇر.

نەيلايۇر مىللەتكە خىزمەت قىلماسە دۇنيا كېلىپ،
ياتبان غەفلەت تۇشاكىرە جەھانغە تەلمۇرۇپ،
ئىلمۇ فەندىن بەھرە ئالماي بىر كۈنى كەتكاي ئۆلۈپ،
كىم خەبەرسىز بولسە ئۆزدىن نەفەستىن پەرۋەر بولۇپ،
بۇ قارا يەر ئاستىدا قالغان بەلاغە جانىدۇر.

يانمە ئەمدى دوستلار قويغىل تەرەققىغە قەدەم،
بىل غەنىمەت دۇر نەفەس ئۆتكۈرمىغىل دەمنى بۇ دەم،
دوست ياران ئىلىم ئوقۇڭ بىزلەرنى قىلماي مۇتتەھەم،
بىر مۇئەممادۇر تىرىكلىك ئۆز كۆكۈڭدىن ئۇرمەدەم،
بىر جاھان ئايىنەدەك ئەسرارنىڭ ھەيرانىدۇر.

ئىلمۇ فەن بىلگىل قاراڭغۇ دىل ئۆيىنى يارۇتۇر،
ئىلىم ئاتىغە مىنسە ھەر كىم مەقسىتىغە تېزيېتۇر،
بەئزىلەر مىلبانچى مەن دەپ ئىلىمدىن ئىنكار ئۆتۇر،
كىم بولۇپ مەغرۇر دۇنيا ئەھلى دىلىنى ئاغرىتۇر،
ئۆز زامانىنىڭ ئۇشۇل فىرئۇن بىلەن ھامانىدۇ.

كىم شەرىئەت تۇتتى مەھكەم دائىمابىل شاد ھەق،
بەس غەنىلەر ئىلتىفات ئەتسە يېتەر ئەمداد ھەق،
ناتىۋان كۆزلەردە قان دەپ قىلماسە فەرياد ھەق،
كىم قەنائەت گەنجىدە دەم ئۇرماسە بى ياد ھەق،
فېقىر مۇلكىدە مۇھەببەت كىشۋەرنىڭ خانىدۇر.

يولدىن ئازما دوستلار خاھىشى دۇنيا ئۇچۇن،
باشىدا باي - باي سۆگرە ۋاي - ۋاي دانىشى دۇنيا ئۇچۇن،
ئىككى ئات، ئون يەتتە قوي، بەش كۇن ئۆتەر دۇنيا ئۇچۇن،
بەس كۆرۇپ ئالدانماغىل ئارايىشى دۇنيا ئۇچۇن،
بۇ ھاۋايى نەفسى خاھىشلار بارى شەيتانىدۇر.

كۆز ئاچىڭ ئۇقبە ئۇچۇن ئاللاھ قىلۇر سىزگە ئەتا،
ئەھلى دىللار نالەسى چىققاي زەمىندىن تاسەما،
بىلمىگەيسىز بۇ ئىبادەتتۇر ئەگەر بولغاي فەنا،
ھەر ئىمارەت جان چىكىب ئەل فەقىر ئۇچۇن قىلمىش بىنا،
لايى گۇلرۇخلار تىنى، خىشتى سەرى سۇلتانىدۇر.

كەتتى بۇلبۇل باغ ئارا قالدى چىمەندە زاكىلەر،
ئەھلى دانىش كەتتى كۆر ئورنىغە قالدى دەردىسەر،
كۆڭلىدە قورقۇنچىسى يوقتۇر قىيامەتدىن مەگەر،
نەفسى دۇنيا دەپ رەبا ۋە رىشۋەدىن قىلماي ھەزەر،
ھالىياكىم دەپ ئىچەدلەر ھەممە ئەلنىڭ قانىدۇر.

ئەي خىرەد ئەھلى بىلىڭ ھەرفىرىزى ئادەم لۇتفى ھەق،
كىمسەگە بولماس نەسىپ بىل ئەھلى خاتەم لۇتفى ھەق،
ئەي غېرىبا، بىل ئۆزۇڭ ھەم بۇشە ئادەم لۇتفى ھەق،
ئەي غېرىپ دەم ساقلا بىلگىل فەيزى ئالەم لۇتفى ھەق،
فەزلى ئېھسانى دەۋاسىز دەردلەر دەرمانىدۇر.

تەييارلىغۇچى: **مۇھەممەت چاۋار**
**مۇھەممەتئېلى مەمتىمىن**

www.uyghurkitap.com



# يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ بۆشۈكى — خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسى

ئۇيغۇر تېبابىتى 2000 - يىللىق تارىخقا، ئۆزىگە خاس نەزەرىيە ئاساسى، مۇكەممەل بولغان داۋالاش ئۇسۇلى، مول دورا مەنبەسىگە ئىگە ئەنئەنىۋى تېبابەت بولۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى ئەنە شۇ تېبابەتچىلىك ۋارىسلىرىنى يېتىشتۈرۈۋاتقان ئانا بۆشۈك. تېبابەتچىلىكنى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، گۈللىنىۋاتقان تەبىئىي داۋالىنىش مەركىزى — شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بازىسى.

دوختۇرخانا 8 مىليون مۇقىم مۈلۈك مەبلەغكە، 4 مىليون ئايلانما مەبلەغكە ئىگە ئىقتىسادىي ئاساسى كۈچلۈك، داۋالاش شارائىتى مۇكەممەل بولغان 150 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، تىببىي دورىگەرلىك، داۋالاش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات بىرگەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا. دوختۇرخانا خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، قاتناش قولايلىق، مۇھىتى گۈزەل، ھاۋاسى ياخشى. دوختۇرخانا ئامبولاتورىيىسى يىلىغا 50 مىڭ ئادەم قېتىم كېسەل كۆرىدۇ. كېسەلخانىدا يىلىغا 2200 دىن ئارتۇق كېسەل يېتىپ داۋالىنىدۇ، كېسەل كارۋات پايدىلىنىش ئۈنۈمى %95 دىن يۇقىرى بولۇپ، داۋالىنىش ئالاھىدىلىكى جەھەتتە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، قان قويۇلۇش، قان ماي ماددىسىنىڭ يۇقىرىلاپ كېتىشى، جىگەرنى ماي قاپلاش، ئاشقازان جىگەر كېسىلى، ئاق كېسەل ۋە ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ھەرمىللەت بىمارلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ساقىيىش ئۈنۈمى %90 دىن يۇقىرى بولدى. شۇنداق بولغاچقا مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە ئەمەلىي ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ ئىسلاھات داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا باسماقتا.

خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلىرىغا ئەڭ قىزغىن سالام يوللايدۇ. خېرىدارلارنىڭ خوتەنگە كېلىپ قەدىمى ئەتلەس، گىلەم، قاشتېشى ماكانىنى زىيارەت قىلىشىنى، دوختۇرخانىغا كېلىپ مېھمان بولۇشىنى، كەسپىي ئالاقە قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدۇ



دوختۇرخانا مۇتەخەسسىسلىرى بالىنىستىدا كېسەل كۆرمەكتە



دورىلارنى تەتقىق قىلىپ بازارغا يۈزلەندۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىش



شىپاخانىغا چەت ئەللەردىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن مېھمانلار مۇتەخەسسىسلەر ۋە داۋالىنىدىغان بىمارلار ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇرىدۇ



شىپاخانا مەسئۇللىرى دورا ئىشلەش سېخىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە



دوختۇرخانا دورا زاۋۇتىنىڭ ئىلغار دورا ياساش ۋە تەتقىق قىلىش سايمانلىرى

# يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ بوشۇكى — خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسى



شىپاخانا باشلىقى روشەنگۈل سابىر خىزمەت ئۈستىدە



شىپاخانىدىكى مۇتەخەسسىس، تېۋىپ، ھەمشىرىلەر يىغىن زالىدا



شىپاخانا رەھبەرلىرى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن دورا سۈپىتىنى تەكشۈرمەكتە

## شىپاخانا ياسىغان دورىلاردىن ئۆرنەكلەر



### خېمىرى گاۋزىبان ئەنبىرى تابلېتى

خۇسۇسىيىتى: مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يۈرەك ھەرىكىتىنى ياخشىلايدۇ. نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: يۈرەك ھەرىكىتى تېزلىشىپ كېتىش، يۈرەك سىقىلىش، ئۇيقۇسىزلىق، كۆپ چۈش كۆرۈش، مالخۇلىيا، نېرۋا ئاجىزلىق، تۇتقاقلىق، نېرۋا كېسىلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 تابلېتتىن، ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئىستېمال قىلىنىدۇ.









### مۇرەككەپ ئىپار جەۋھىرى

خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرى: قاننى جانلاندۇرۇپ سودىلەرنى ئاچىدۇ. يۈرەكنى ھوزۇرلاندۇرۇپ نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ. قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ. يۈرەك پائالىيىتىنى كۈچلەندۈرىدۇ. تاجسىمان ئارتېرىيىنىڭ بوغۇسمان قېتىش خاراكتېرلىك يۈرەك كېسەللىكى، يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىك، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك رېتىمسىزلىقى، ئۇيقۇسىزلىق، كۆپ چۈش كۆرۈش، نېرۋا فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش، نېرۋا ئاجىزلىق، تۇتقاقلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 مىللىلىتىر ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### خېمىرى مەرۋايىت تابلېتى

خۇسۇسىيىتى: يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ. نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ. قاننى جانلاندۇرۇپ توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: تاجسىمان ئارتېرىيە قېتىش خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلى، يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ رېتىمسىزلىقى، يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ تېزلىشىپ كېتىشى، يۈرەك سىقىلىش، ئۇيقۇسىزلىق ۋە نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 تابلېتتىن تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.





### ئىمساك تابلېتى

خۇسۇسىيىتى: جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇپ، قۇرۇق بەز خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. قوزغاش، تۇتۇش رولى بار.

ئىشلىتىلىشى: نېرۋا ئاجىزلىق، مەنىي تۇتالماسلىق، مەنىي تېز كېتىش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. جىنسىي ئاجىزلىققا كۆزرۈنەرلىك ئۈنۈمى بار.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە بىر ۋاق، 2 - 3 تابلېتتىن، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### داۋائىل مىشكى





خۇسۇسىيىتى: يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ، ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىلىشى: يۈرەك ئاجىزلىق، يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ رېتىمسىزلىقى، نېرۋا ئاجىزلىق، ھەزىم سىستېمىسىنىڭ ناچارلىقى، تۇتقاقلىق، پالەچ، لەقۋا، يۈرەككە قان يېتىشمەسلىك، دەم سىقىلىش قاتارلىق كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.